# ئىزدىنىش

(تاللانما)

10

1996

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما) 1996-يىل 10-سان

(ئومۇمىي 100-سان)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 14-، 15-، 16-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

## مۇندەرىجە

ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلايلى
—جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 69 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ............ جاڭ ۋەننيەن (2)

سىياسەتنى ئەكىنلەش تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتەيلى ............ فۇ چۈەنيۇ (15)

"يەرلىك قورۇقچىلىق" توغرىسىدا ............ ما چۈەنجىڭ (29)

مەملىكىتىمىز غەربىي رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى سېلىنما مەسىلىسى توغرىسىدا ...... ۋۇ شىمىن (39)

★10-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# ئدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلايلى

——جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 69 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**جاڭ ۋەننيەن**

جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 69 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىزنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ھەممىنى يېڭەلىدىغان، ھەممە يەردە غەلىبە قازىنىدىغان قۇدرەتلىك خەلق ئارمىيىسى بولالىشىدىكى ئەڭ نېگىزلىك بىر ئامىل ئۇنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقىدا. رەئىس جياڭ زېمىن ھەربىي ئىشلار كومىتېتى خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن بۇيان، سىياسەتنى تەكىتلەش، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا بىرمۇنچە مۇھىم يوليورۇقلارنى كۆرسەتكەن. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىدا ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەنگەن، ئارمىيىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. 1-ئاۋغۇست ئارمىيە قۇرۇش بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، تارىخنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، يېڭى تارىخىي دەۋردە، خەلق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى ئەبەدىي ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيىمىزگە تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئارمىيىمىزنىڭ سىياسەتنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە باشتىن ئاياغ ئېغىشماستىن چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

**1. ئدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەر-**

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

**لىنگە كاپالەتلىك قىلىش ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ جەۋھىرى، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىغا قويغان تۈپ تەلەپتۇر**

ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، ئارمىيىمىز خەلق ئارمىيىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر يۈرۈش ئېسىل ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش مۇشۇ ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ جەۋھىرى ۋە روھى، ئۇ ئارمىيىمىزنىڭ خۇسۇسىيىتىگە، ھاياتىغا ۋە غەلىبىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ بىر دەممۇ ئايرىلىشقا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەرىدۇر.

ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىندىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى تىكلەش ئۈچۈن، غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ سەنۋەندىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋاقتىدا "ياچېيكىنى ليەندە قۇرۇش"تىن ئىبارەت ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاساسىي قاتلامدا قۇرۇپ، پارتىيىنى قىسىملارنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەييارلانغان گۇتيەن يىغىنىنىڭ قارارىدا قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى، زىيىنى، يىلتىزى ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى تەھلىل قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىشىدىكى تۈپ پرىنسىپ، تەدبىر ۋە ئۇسۇل ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پارتىيىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى، سىياسىي خىزمەتنى باشقۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي ئىشلارنى، جەڭ قىلىشنىمۇ باشقۇرۇشى لازىملىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە سىياسىي پرىنسىپ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پارتىيىنىڭ ئارمىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روشەن ھالدا: "بىزنىڭ پرىنسىپىمىز شۇكى، پارتىيە مىلتىققا قوماندانلىق قىلىدۇ، مىلتىقنىڭ پارتىيىگە قوماندانلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ" دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ بەرپا قىلغان پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش تۈزۈملىرى كونا ئارمىيىنىڭ بارلىق تەسىرلىرىنى تۈگىتىپ، دېھقانلارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان ئارمىيىمىزنى يېڭى تىپتىكى پرولېتارىيات ئارمىيىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىنىڭ دۆلەت سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ۋە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم رولىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، ئۇ ئەزەلدىن ئارمىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى سىياسىي جەھەتتىن ئويلانغان ۋە بىر تەرەپ قىلغان. بۇمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "دۆلىتىمىزنىڭ مۇقىم بولۇشىدىكى سەۋەب ئارمىيىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكى يولىدىن چەتنىمىگەنلىكىدە، بۇ ناھايىتى مۇھىم." ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: پارتىيە ئارمىيىنى باشقۇرۇشى كېرەك، ئارمىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سۆزىنى، پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك، ئادەم تاللاشتىمۇ پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان ئادەملەرنى تاللاش كېرەك. ئارمىيە ئۆز ئالدىغا بايراق تىكلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ پرىنسىپى، ئارمىيىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس سىياسىي ئۈستۈنلۈكى، يېڭى تارىخىي دەۋردە، خەلق ئارمىيىسىنىڭ پارتىيىگە سادىق بولۇش ئېسىل ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ئۈبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئارمىيىمىزنى مەڭگۈ پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشىمىز كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى: ئارمىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئۇنى پۈتۈن ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك؛ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن سىياسەتنى تەكىتلەش بىردەك بولىدۇ، سىياسەتنى تەكىتلەش ئارمىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش. پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسىنىڭ بۇ مۇھىم بايانلىرى ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى، سىنىپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇقەررەر باغلىنىشنى، خەلق ئارمىيىسىگە بولغان ماھىيەتلىك تەلەپنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈ چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان ئارمىيە قۇرۇش ئىدىيىمىز.

ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى ئارمىيىنى پارتىيە ئۆز قولىدا تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. شۇڭا، پارتىيە جېن دۇشيۇنىڭ ئىنقىلاب ۋە قوراللىق كۈرەشكە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن خاتالىقىنى تۈزىتىپ، ئارمىيىنىڭ مۇھىملىقىنى تەلتۆكۈس تونۇپ، قىزىل ئارمىيىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، قوراللىق كۈچكە مۇستەقىل رەھبەرلىك قىلىش يولىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بىر قەدەمنى باسقان. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار ئارمىيە پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدە تۇرۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئەگەر مەشھۇر گۇتيەن يىغىنى نوقۇل ھەربىي كۆزقاراش قاتارلىق خاتا ئىدىيىلەرنى تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى توغرىسىدىكى بىرمۇنچە مۇھىم تۈزۈملەرنى ئورناتمىغان بولسا، دېھقانلارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان ئارمىيىمىز يېڭى تىپتىكى خەلق ئارمىيىسى بولۇپ چىقالماس ئىدى. ئۇزۇن سەپەردە، ئەگەر پارتىيە جاڭ گوتاۋنىڭ پارتىيىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، قىزىل ئارمىيىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، پارتىيە ئىلتىقا قوماندانلىق قىلىدۇ دېگەن پرىنسىپنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، بىز قارلىق تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن، سازلىقلاردىن چىقالمىغان بولاتتۇق، جۈملىدىن شى داكەينىڭ مەغلۇبىيىتىنى تەكرارلىشىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، گومىنداڭ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھەمكارلاشقانلىقىدىن ئىبارەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، "ئارمىيىنى دۆلەت ئىلكىگە ئېلىش" دېگەن نېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيىمىزنىڭ 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكىنى قولغا

ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى؛ ۋاڭ مىڭمۇ ”ھەممە بىرلىك سەپ ئارقىلىق بولسۇن، ھەممە بىرلىك سەپكە بويسۇنسۇن“ دېگەن نېمىنى تەرغىپ قىلغانىدى، بۇ ماھىيەتتە بىزنىڭ ئارمىيە ھوقۇقىنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىق ئىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىمىزگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئارمىيىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشتا مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ داۋامىدا، لىن بياۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭدىن يوشۇرۇنلۇقچە ئىش كۆرۈپ، ھەممىگە قوماندانلىق قىلىشقا، ھەممىنى باشقۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارمۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئارمىيىگە قول سالغانىدى، ئۇلارنىڭ مەقستى ئارمىيىنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قورالى قىلىۋېلىش ئىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا بىلىۋالغانلىقى ۋە بىر-بىرلەپ بىتچىت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئارمىيىمىز خەلق ئارمىيىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالدى. پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى بولمايدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز ئېنىق كۈرەش نىشانىغا ئىگە بولالماس ئىدى، توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە بولالماس ئىدى، كۈچلۈك ئىتتىپاقلىققا ۋە بىرلىككە ئىگە بولالماس ئىدى، خەلق ئارمىيىسىگە خاس ھېچ نەرسە قالماس ئىدى. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش قايسى چاغدا بولسۇن، ئارمىيىمىزنىڭ روھى ۋە غەلبە قازىنىشىنىڭ ئاساسى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئارمىيىمىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا تېخىمۇ موھتاج. ئارمىيە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرت-شارائىتىدۇر. ئىلگىرى، بىز ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇشتا مىلتىققا تايانغانىدۇق؛ بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغدىشىمىزدىمۇ، ئوخشاشلا، مىلتىقتىن ئايرىلالمايمىز، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ستراتېگىيىلىك تۈزۈلمىدە كۆپ قۇتۇپلىنىش يۈزلىنىشى تېز ئەۋج ئالماقتا، كۈرەش ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر قۇدرەتلىك جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا قارىغۇسى كەلمەي، سوتسىيالىستىك جۇڭگونى ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ ستراتېگىيىسىنى كۈچىنىڭ بارىچە يولغا قويماقتا. ئۇلار ئارمىيىمىزنى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇ دەپ قاراپ، ئارمىيىنىڭ ”پارتىيىلىك تۈسىنى تۈگىتىش“، ”سىياسىي تۈسىنى تۈگىتىش“ دېگەن بىرنېمىنى ھەدەپ بازارغا سېلىپ، ئارمىيە بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە، ئارمىيىمىزنى پارتىيە رەھبەرلىكى يولىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا. بۇنداق ۋەزىيەت ئالدىدا مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىك ئورنىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ كاپالىتى، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، قىسملار-
نىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇقىملىقىنى ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكىنى ساقلاشنىڭ تۈپ
كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتماقتا، ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇقىم مۇھىتقا
موھتاج. سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىجرا قىلىدىغان قوراللىق گۇرۇھ ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ
مۇستەھكەم تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيە دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە
ئالغان. بىز پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان
بولۇشنى ساقلاش بىلەن، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىلا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئېنىق كۆرۈۋالالاي-
مىز. پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق
پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى بەلگىلىدى، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتى توغرىسىدىمۇ ئەسىر
ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈپ بەردى. بىز دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز. پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىدا
بولغاندىلا، ئاندىن ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ،
ئۇلارنى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەكشى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، ئارمىيە
قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلەپ، تۆرلۈك بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشىگە
كاپالەتلىك قىلغىلى، ئارمىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان تەڭشەپ،
ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەرگىلى، قىسملارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى، جەڭگىۋارلى-
قىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ،
ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈچۈن قۇدرەتلىك روھىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھازىرلاپ بەرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى،
زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇنداق بىر ئۇلۇغۋار
سىستېما قۇرۇلۇشنى پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىلا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**2. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەر-
لىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق قىسملارنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ،
سىياسىي-ئىدىيىۋى ئاساسنى پۇختا سېلىش كېرەك**

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئارقىلىق
قىسملارنى تەربىيىلەش ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىكى بىر ئاساسىي ۋەزىپە ۋە ئېسىل ئەنئەنە،
پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان ئىدىيىۋى رەھبەرلىكىنى ۋە سىياسىي رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم

كاپالىتى. ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن يولداشلار قىسىملارغا ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئارمىيە قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىچىدە تەربىيە مەسىلىسى ئەڭ جىددىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» كېيىن ئۇ ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئىگىلەش پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇلۇغ سىياسىي كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىكەنلىكىنى، تەرەققىيپەرۋەر سىياسىي روھنى ئارمىيىگە سىڭدۈرۈش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنى يېتىشتۈرۈش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، بۈيۈك غايە ۋە «بەش خىل ئىنقىلابىي روھ» ئارقىلىق قىسىملارنى تەربىيىلەش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، رەئىس جياڭ زېمىن قىسىملارنىڭ سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا بىرمۇنچە مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىدىيىدە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندا، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. ئارمىيىدە سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئارمىيىمىز قىسىملارنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەر پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى، نىشانى بىلەن ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى، نىشانىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇۋالدى، كىم ئۈچۈن ئەسكەر بولۇش، كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ داۋلىسىنى بىلىۋالدى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ۋە ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى، قىممەت قارىشىنى تىكلىدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئارمىيىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىدۇ دېگەن پرىنسىپ پۈتۈن ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ جۇڭگودەك بۇنداق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، يېڭى ئىدىيە ۋە كۆزقاراش ئارقىلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى بېيىتتى، تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، پارتىيە ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، بىزنى غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ بايراق. يېڭى تارىخىي دەۋردە، قىسىملارنى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەشنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى پۈتۈن ئارمىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كەڭ

كوماندىر-جەڭچىلەرنى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن مۇشۇ يولنى، مۇشۇ تۈزۈمنى، مۇشۇ سىياسەتلەرنى ئاڭلىق قوغدايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھەرقايسى قىسىملار دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ئۆگەندى. كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىدى. لېكىن، شۇنى كۆرۈۋېلىش لازىمكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مۇپەسسەل نەزەرىيە بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولغاچقا، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپە بولىدۇ، ئۆگىنىشنى بوشاشماستىن داۋاملىق تۇتۇش لازىم. بۇنى تۇتساق، قىسىملارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ نېگىزىنى تۇتقان بولىمىز، مۇستەھكەم، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ قىسىملاردا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ باش نىشان، باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلالايمىز.

ھازىر، بىز پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياساش جەريانىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ئۆزگىرىش جەمئىيەتتىكى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتكە مىسلىسىز كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز لازىمكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كاپىتالىزمنىڭ بەزى چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىپ، مەملىكىتىمىزدىكى تارىختىن قېلىپ قالغان ئېكسپىلاتاتور سىنىپنىڭ چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۇلپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، راھەتپەرەسلىك قاتارلىق پاسسىپ ئىدىيىلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە يېتىلدۈرگەن ئېسىل ئەنئەنىسىگە، كەڭ كادىر-جەڭچىلەرنىڭ غايە، ئېتىقاد ۋە ئىنتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە خىرىس قىلىشى شەك-شۈبھىسىز. قانداق قىلىپ قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى تۇتۇپ، ئەيش-ئىشرەتنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكنى ۋە ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى ساپلىقنى ساقلاپ قېلىش قىسىملارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك بىر مەسىلە. ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ۋەتەننى سۆيۈش-تۆھپە قوشۇش تەربىيىسى، كادىرلارغا ھۆرمەت قىلىش-ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش تەربىيىسى، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەربىيىسى ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسىدە قىسىملارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى يىغىنچاقلانغان، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ھالقىسى تۇتۇلغان. بۇلتۇردىن بۇيان، پۈتۈن ئارمىيىدىكى قىسىملار رەئىس جياڭ زېمىننىڭ

يولىيورۇقنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ”تۆت تەربىيە“نى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن قىسىملارنىڭ روھىي قىياپىتىدە روشەن ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىرقى ۋەزىيەت بولسا رەئىس جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە، قىسىملارنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ”تۆت تەربىيە“نى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىلمۇ يىل ئالغا سۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ يىل قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقى، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئارمىيىمىزنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، قىسىملارنىڭ سىياسىي-ئىدىيۋى ئاساسىنى پۇختىلىشىمىز كېرەك.

**3. ئىدىيۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى تۇتۇپ، مىلتىقنى پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولغان كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك**

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ئارمىيە ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان رەھبەرلىك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى قوماندانلىق شتابى بولۇپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا تۈگۈنلۈك رول ئوينايدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە چوڭ-چوڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرىنىڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قارار ۋە يولىيورۇقلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش-ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەسلىكى ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ خىزمىتىگە باغلىق. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قەيسەر-قۇدرەتلىك بولۇش-بولماسلىقى پارتىيىنىڭ قىسىملارغا بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقىغا، ئارمىيىنىڭ ئۆزىنىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرىنى ئادا قىلىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداش-ئورۇندىيالماسلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. رەئىس جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىزنى باشتىن ئاخىر پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەقىقىي رەۋىشتە ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۈسىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن قەيسەر-قۇدرەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا ئارمىيە قۇرۇش يۆنىلىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ ئارمىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، قىسىملارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئارمىيىمىز ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن «ترىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلايلى» دېگەن مۇھىم نۇتقىدا

كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن چوڭقۇر شەرھلەنگەن، نۆۋەتتىكى ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي تەلىپى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز ئۇنى ئارمىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ئادەملەرنى توغرا تاللاش، ئادەملەرنى ياخشى ئىشلىتىش بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە، ھەزقانداق ۋاقىتتا سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، ئومۇمەن سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك بولمىغانلارنى ھەرگىز مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ مىللىتىمىزنىڭ قانداق كىشىنىڭ قولىدا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. سىياسىي ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق ياش قۇرۇلمىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى بولۇشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسگە ئادەم سەپلەشتە، ھەر يەر-ھەر يەردىن بولۇش، ئادىل بولۇش، توغرا يول تۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىمكى، گۇرۇھ توپلاشقا، مەزھەپچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. پارتىيە ۋە ئارمىيە ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يۈرەكلىك بىلەن ئىشقا قويۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان زور بىر تۈركۈم ئارمىيە باشقۇرۇش تايانچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم.

رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ رەئىس جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىگە ئاساسەن، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي نۇقتىئىنەزەر، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، سىياسىي سەزگۈرلۈك قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاش لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىغا قارىتا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىش ۋە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كىم ئۈچۈن ئەمەلدار بولۇش، ھوقۇقتىن قانداق پايدىلىنىشتەك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، پۇل، ھوقۇق، سەتەڭلەرنىڭ ئازدۇرۇش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش لازىم. تەۋرەنمەس سىياسىي ئېتىقادنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش؛ تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي روھنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ، پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش؛ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىقنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇق، كۆرسەتمىسىنى كەم-كۈتىسىز ئىجرا قىلىش؛ راستچىللىق بىلەن ئەمەلىي ئىشلەشتەك ئېسىل ئىستىلنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ، خىزمەتلەرنىڭ

ئەمەلىيلىشىشىنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى تۇتۇش؛ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك سىياسىي خىسلەتنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ، پاك-تەلەپچان بولۇش جەھەتتە ياخشى ئوبراز تىكلەشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئۆتكەن يىلى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئەستىقلاپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپ ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى قىسىملار بۇ ھۆججەتنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش بۆلۈم ئورگانلىرىدىن باشلاپ، تەربىيىلەش، تەرتىپكە سېلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرىدۇ دېگەن پرىنسىپتا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ۋە پارتكومنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەت تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ، ھەر بىر كىشىنى پارتىيە تەشكىلىنىڭ باشقۇرۇشى، تەربىيىلىشى ۋە ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇش، ئۆزىنى پارتىيە تەشكىلى ۋە پارتىيە ئىنتىزامىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، نازارەتكە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق لازىم.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ساغلاملاشتۇرۇش رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر مەزمۇنى. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىمىزنىڭ بىر مۇھىم تەشكىلىي پرىنسىپى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر تۈزۈم. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچەيتىشتە، كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىش تەقسىم قىلىشىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ھەم ئاساسلىق باشلىقنىڭ قىسىم خىزمىتىگە نىسبەتەن ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلەش، ھەم ئاساسلىق باشلىقنىڭ ئۆزىنىڭلا دېگىنى دېگەن بولۇپ، شەخسنى تەشكىلدىن يۇقىرى قويۇشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم. ئومۇمەن قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياتىدىغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى پارتكومنىڭ تولۇق كېڭەشىدىن ۋە مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش، پارتكوم كوللېكتىپ ھالدا قارار قىلىش كېرەك. قىسىملارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق باشلىقلىرى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇشى، ئىنتايىن كەمتەر بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ پارتىيە ئىشلىرىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى، تەدبىر بەلگىلەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى پەقەت دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، توغرا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئىلمىي ھالدا تەدبىر كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ؛ ئاندىن پارتكومنىڭ ئىچكى قىسمىدا نورمال سىياسىي تۇرمۇش تەرتىپىنى تىكلەپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ

ئىتتىپاقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ؛ ئاندىن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئومۇمىي ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

**4. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك**

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشتا، ئەڭ مۇھىمى ئارمىيىگە بولغان ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە قوماندانلىق ھوقۇقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، بارلىق ھەرىكەتلەردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك. بۇ—مۇھىم تەشكىلىي پرىنسىپ، شۇنداقلا ئەڭ يۇقىرى سىياسىي ئىنتىزامدۇر. مەيلى ئادەتتىكى چاغلاردا بولسۇن ياكى جىددىي پەيتلەردە بولسۇن، ئارمىيىدىكى بارلىق يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى-نىڭ كۆرسەتمىسىگە قارىتا، چوقۇم ئېنىق پوزىتسىيىدە بولۇشى، تولۇق، شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم، ھەرگىز شەرت قويۇشقا، چالا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن ئارمىيىنىڭ پارتىيىگە، خەلققە، دۆلەتكە، سوتسىيالىزمغا مەڭگۈ سادىق بولۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلغان. ئۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيىگە 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى ۋە بۇ كوللېكتىپنىڭ يادروسىنى ئاڭلىق ھالدا قوغداشنى قايتا-قايتا تاپىلىغان. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىدە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكۈر، مۇرەككەپ خەلقئارالىق كۈرەشلەردە، زېرەكلىك بىلەن بىمالال ئىش كۆرۈپ، مىللىي ئىززەت-ئابرۇيىنى ۋە دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈردى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى داۋاملىق ئالغا سۈرۈشتە، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەت-لىك ھالدا ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئىگىلىكى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىش، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى چوڭ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، جەمئىيەت ھەر تەرەپلىمە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئابرۇيىنى قەتئىي قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتە، شەرتسىز ھالدا يۈكسەك دەرىجىدىكى بىردەكلىكنى ساقلاش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنپەئىتىنىڭ كاپالىتى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ زور مەسىلىگە نىسبەتەن بىزنىڭ بايرىقىمىز روشەن، پوزىتسىيىمىز قەتئىي بولۇشى لازىم.

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئىشى قاتتىق تۈزۈم ئارقىلىق

كاپالەتلەندۈرۈلۈشى لازىم. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بىز پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىشىغا ئائىت بىر يۈرۈش ئاساسىي تۈزۈملەرنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ چىقتۇق، بۇ تۈزۈملەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئارمىيىگە بولغان ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە قوماندانلىق ھوقۇقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە پارتكومنىڭ بىر تۇتاش كوللېكتىپ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى باشلىقلار ئىش تەقسىم قىلىشىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، تۇەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا سىياسىي كومىسسار ۋە سىياسىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، يىڭ، لىيەنلەردە سىياسىي تەربىيىچى ۋە سىياسىي يېتەكچىلەرنى تەسىس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، لىيەنلەردە ياچېيكا قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. بۇ تۈزۈملەر پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئۇخشىمىغان تەرەپ، ئوخشىمىغان قاتلاملاردىن كاپالەتلىك قىلدى. نەچچە ئون يىللىق بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ تۈزۈملەر ئالقاچان ئارمىيىمىز ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئارمىيىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنىڭ ھولى بولۇپ قالدى. دەل مۇشۇ تۈزۈملەر بولغاچقىلا، ئارمىيىمىز تارىخىي شارائىتتا مەيلى قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قوشۇن ئەزالىرىدا قانداق يېڭىلىنىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيە ئارمىيىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىدۇ دېگەن پرىنسىپنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتى جەريانىدا، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ۋە چەت ئەل ئارمىيىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش زۆرۈر، بىراق، ئۇنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىشىغا ئائىت ئاساسىي تۈزۈملەردە پەقەت چىڭ تۇرۇشقىلا بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، چوقۇم سىياسىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ جاڭ گوتاۋنىڭ پارتىيىنى پارچىلاش، قىزىل ئارمىيىنى پارچىلاش سۇيىقەستىگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن ۋاقىتتا، پارتىيە ئىنتىزامنى قوغداشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر شەرھلەپ ئۆتكەنىدى. ئۇ: چوقۇم پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق پارتىيە ملتىققا قوماندانلىق قىلىدۇ دېگەن بۇ پرىنسىپنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى شەخسلەرنىڭ تەشكىلگە بويسۇنۇش، ئاز سانلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقلارغا بويسۇنۇش، تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا بويسۇنۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇش ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىگەن. يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش جياڭ زېمىنلەر سىياسىي ئىنتىزام ۋە تەشكىلىي پرىنسىپنى چىڭىتىش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز ئەزەلدىن بارلىق ھەرىكەتلەردە قوماندانلىققا بويسۇنۇشنى، ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىشنى تەكىتلەپ كەلدى. بۇنداق بولمىغان بولسا، بىز ئۆزىمىزدىن زور دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان دۈشمەننى يېڭەلەيتتۇقمۇ؟ پارتىيىنىڭ

ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەنى ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلالايتتۇقمۇ؟ يولداش جياڭ زېمىنمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئارمىيە پارتىيىۋىلىك ۋە سىياسىي ئىنتىزام جەھەتتە قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى ۋە تەشكىلىي پرىنسىپىنى چىڭ تۇتۇش—پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، قىسىملارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇقىملىقى ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكىنى ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە قىسىملارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، مۇشۇنداق ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بۇ ئارمىيىمىز ئەگەر پولاتتەك ئىنتىزامغا ئىگە بولمىسا، سىياسىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇ بولسا، بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىش. پۈتۈن ئارمىيىدىكى يولداشلار ئومۇميىلىق كۆزقارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيىگە، ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا يۇقىرى دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشتەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلەپ تۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار باتۇرلۇق بىلەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتەك ناچار خاھىشلار بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ جىددىيلىكىنى قوغداپ، ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ، ھەربىي بۇيرۇقلارنىڭ توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ناھايىتى شەرەپلىك ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ، ئارمىيىمىز-نى زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئارمىيىمىزگە تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرسۇن رەھىم**
**قەيسەر قۇربان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى

فۇ چۈەنيۇ

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، باش شۇجى جياڭ زېمىن رەھبەرىي كادىرلارنىڭ چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشىنى، سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يېقىندىلا، باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، بىز قۇرماقچى بولغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى سوتسىيالىستىك سىياسىيونلۇق ساپاسىغا ئىگە رەھبەرىي تايانچلار باشچىلىقىدىكى ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك كادىرلار قوشۇنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى ھەمدە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار پارتىيىنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشتىكى تايانچ كۈچ ۋە يادرو كۈچ ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ساپاسىنىڭ، بولۇپمۇ سىياسىي ساپاسىنىڭ قانداقلىقى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋال تېپىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە، ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. شۇڭا، بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سىياسەتنى تەكىتلەش توغرىسىدىكى تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ۋە قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، سىياسىي ساپايىمىزنى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۈپ ئاساستىن كۈچەيتىشىمىز لازىم.

سىياسەتنى تەكىتلەش — پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي تەجرىبە، قىزىل ئارمىيە ۋاقتىدىلا، يولداش ماۋ زېدۇڭ نوقۇل ھەربىي كۆزقاراشنى تۈزىتىپ، غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيىسىنى يېڭىپ، ماركسىزم بىلەن كادىرلارنى تەربىيىلەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۆزى قول سېلىپ قىزىل ئارمىيە ئىچىدە پارتىيىنىڭ تەشكىلى ۋە تۈزۈمىنى قۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيە قۇرۇش، سىياسىي جەھەتتىن ئارمىيە قۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى. يەنئەندىكى مەزگىلدە، ئۇ مۇستەھكەم، توغرا بولغان سىياسىي يۆنىلىشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-سىياسىي داشۆنىڭ تەلىم-تەربىيە فاڭجېنىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-سىياسىي داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مەركىزىي ئورگان كادىرلىرىغا دائىم دەرس سۆزلەپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن سىياسىي ئۆگىنىش

ۋە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چىڭىقىشنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ سىياسىي خىزمەت ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا سىياسەت بىلەن كارى بولمايدىغان خاھىشقا چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا قايتا-قايتا نەسىھەت بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، باشتىن ئاخىر سىياسىي جەھەتتىن مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىپ، "ھەرقانداق ۋاقىتتا سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك"لىكىنى تەكىتلەپ كەلدى. ئۇ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، ئىنقىلابىيلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرت، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا "بەزى يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ يېڭىدىن ئۆسكەن بەزى ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش يولداشلارنىڭ كۆندىن-كۈنگە مۇرەككەپلىشىۋاتقان كۈرەش داۋامىدا يۆنىلىشتىن ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش" لازىملىقىنى كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇردى. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، يولداش جياڭ زېمىن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشىنى تەكىتلەپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "باشتىن ئاخىر سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاش ئۆلچەملىك ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى. ئەگەر سىياسىي يۆنىلىشنى ئېنىق ئىگەللىيەلمىسە، ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشى قىيىن بولىدۇ." ئۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى سىياسىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ چۈشىنىشنى، ماركسىزمچى سىياسىيونلارغا خاس كۆز ۋە مېڭە، ئىشەنچ ۋە ئىرادىگە، ساپا ۋە ئىستىلغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسىنىڭ بۇ مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسەتنى تەكىتلەشنى ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، باشتىن ئاخىر سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلىشىمىز لازىم.

سىياسەتنى تەكىتلەش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتىكى تارىخىي مەسئۇلىيىتى. پارتىيىمىز جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتەك ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر يۈرۈش ئالاھىدە ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىللارنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يادرولۇق بولغىنى سىياسەتنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىزنىڭ 75 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىنى ئەسلەيدىغان بولساق، پارتىيىمىزنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭىيىشى، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشى، ھەر بىر غەلىبىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشىدە سىياسەتنى تەكىتلەش روھى ئىزچىل رول ئويناپ كەلگەن، سىياسەتنى تەكىتلەشنىڭ ئەۋزەللىكى نامايان قىلىنغان. يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتا، ئەڭ ئاساسلىقى سىياسەتنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى مەھكەم تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغانلىقىدەك قەھرىمانلىق روھىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خاراك-

ئىرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە، پارتىيىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋام قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

سىياسەتنى تەكىتلەش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. ھازىرقى دۇنيا چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن پەسىيىشكە يۈزلىنىۋاتقان بىلەن، جاھان تىنچلىنىپ قالغىنى يوق. سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ زورىيىشى ۋە بىرلىككە كېلىشىنى كۆرۈشنى خالىمايۋاتقان بەزى دۈشمەن كۈچلەر بارلىق ئاماللار بىلەن بىزگە قارىتا ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”بۆلگۈنچىلىك سېلىش“ ۋە ”تۇسۇش“ ستراتېگىيىلىرىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ”دېموكراتىيە“، ”ئەركىنلىك“ دېگەن بىرنېمىلىرىنى بىزگە تېڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بەزى چوڭقۇر قاتلاملاردىكى زىددىيەتلەر بارا-بارا ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ، دېمەك مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ناھايىتى كۈچلۈك قايغۇرۇش ئېڭى ۋە ناھايىتى يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇشنى، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىياسىي سۇيىقەستىنىڭ تەۋرىتىشىدىن، جەمئىيەتتىكى خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن خالىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىياسەتنى تەكىتلەش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى جىددىي ۋەزىپە. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، نۆۋەتتە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى، سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، بۇ ئاساسىي ئېقىم. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز زۆرۈركى، ھەقىقەتەنمۇ خېلى بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ساپاسى بولۇپمۇ سىياسىي ساپاسى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە ئويغۇن كەلمەيۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئاز ساندىكى كادىرلار سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويماي، تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش يولىغا ماڭدى. بۇ كىشىلەرنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىملىك بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. بۇ شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سىياسەتنى ئاڭلىق تەكىتلەش-تەكىتلىيەلمەسلىك ھەر بىر رەھبىرىي كادىر ئەمەلىيەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىشى شەرت بولغان جىددىي مەسىلە.

سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئارمىيە رەھبىرىي كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، مۇھىمى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلىنى ياخشى ئىگەللەش كېرەك.

## 1. سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن مېڭىنى قوراللاندۇرۇش كېرەك

نەزەرىيە—ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى. پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىن سەگەك بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە قەتئىي بولغىلى، ھەرىكەت جەھەتتە ئاكتىپ بولغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۈپ ئاساسىدىن كۈچەيتىشتە، بۇ نەزەرىيىنى ئىزچىل تۈردە ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە رەھبىرىي كادىرلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى، ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. لېكىن، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش بىردەملىك ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاققىچە قاتتىق كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. نەزەرىيىۋى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ناھايىتى يۇقىرى ئاڭلىقلىق بولۇشى، كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىپ، ئۆگىنىشنى خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ ناھايىتى كۈچلۈك ئىزدىنىش روھى بولۇشى، ئاز-تولا ئۆگىنىپ قويۇپلا بولدى قىلىپ، يېرىم-ياتا بىلىم بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى كۈچ چىقىرىپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى ئىگىلەشكە، روھىي ماھىيەتنى چۈشىنىشكە، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىش كېرەك؛ رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى ئۆز ئىدارىسىدىكى ئۆگىنىشنى ياخشى تەشكىللىشى، بىر خىل قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يارىتىپ، نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نەزەرىيە جەھەتتىن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ، سىياسەتنى تەكىتلەشتىكى ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇشى كېرەك. نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نەزەرىيىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش. ئەگەر ئۆگىنىش بىلەن خىزمەت بىرلەشتۈرۈلمىگەندە، بىلمەك بىلەن قىلماق بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەندە، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىش ئايرىۋېتىلگەندە، نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بەزى يولداشلار كىتابنىمۇ ئوقۇپ قويدى، ئۆگىنىش تەسراتىنىمۇ يېزىپ قويدى، ئەمما نەزەرىيىنى قوللىنىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى يېتەرلىك بولمىدى، ئۆگەنگەننى ئىشلەتمىدى، نەتىجىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن كۆرسىتىپ ئۆتكەن كوممۇنىستىك ئىشەنچ ۋە پولاتتەك ئىنتىزام بەزى يولداشلاردا ئانچە ئېنىق بولماسلىقتەك ئەھۋالدا ھازىرغىچە تۈپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. شۇنى كۆرۈش لازىمكى، ئىلمىي نەزەرىيىنى ئادەتتىكىدەك چۈشىنىشتىن بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىگىلەشكە ئۆتۈشنىڭ ئۆزى بىر قېتىملىق سەكرەش؛ ئىگىلىگەن نەزەرىيىنى قوللىنىپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئۆزى يەنە بىر قېتىملىق سەكرەش ھېسابلىنىدۇ، بىرىنچى قېتىملىق سەكرەش ئاسان ئەمەس، ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش تېخىمۇ تەس، شۇنداقلا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتەك ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي نەزەرىيىنى قوللىنىپ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك: ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلى

بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىنى توغرا تېپىپ چىقىپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش كېرەك؛ ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن خىزمەت ئەمەلىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادىي يوسۇندا خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ۋە توپلاش، ئەمەلىيەتتىن تونۇشقا، تونۇشتىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈشتەك كۆپ قېتىملىق تەكرارلىنىشلار ئارقىلىق ئىلمىي نەزەرىيىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قابىلىيەتنى ئاشۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

## 2. سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، پارتىيە ئارمىيىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىدۇ دېگەن تۈپ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

يولداش ماۋ زېدوڭ ئالىلبۇرۇنلا، بىزنىڭ پرىنسىپىمىز شۇكى، پارتىيە مىلتىققا قوماندانلىق قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ مىلتىقنىڭ پارتىيىگە قوماندانلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، پارتىيە ئارمىيىنى باشقۇرۇشى كېرەك، ئارمىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا مەركەزنىڭ گېپىنى، پارتىيىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى كېرەك، ئادەم تاللاشتىمۇ پارتىيىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەمنى تاللاش كېرەك، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ، سىياسەتنى تەكىتلەشتە، ئارمىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. تارىخ قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ئارمىيىنى باشتىن ئاخىر پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرىنى ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئارمىيىمىزنىڭ تارىخىدا، جاڭ گوتاۋ ئۆز قولىدىكى قوشۇننى دەسمايە قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ، مىلتىق بىلەن پارتىيىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان، نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيىگىمۇ ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن؛ لىن بياۋ ئارمىيىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆزى شەرمەندە بولغاندىن باشقا، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ ناھايىتى زور زىيانلارنى سالغان. ئۆتكەنكى يىللاردا، بەزى دۆلەتلەردىكى كومپارتىيىلەر ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تاشلاپ، ئارمىيىنىڭ "پارتىيىلىك تۈسىنى تۈگىتىش"، "سىياسىي تۈسىنى تۈگىتىش" دېگەن نېمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئارمىيىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتتى، ھاكىمىيەتنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاچچىق ساۋاقلار بىزگە سەلبىي تەرەپتىن شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىر پولاتتەك پرىنسىپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش

لازىم. بۇ—پارتىيىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكىگە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بۇ ھەقتە، بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىنتايىن سەگەك تونۇشتا بولۇشىمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە قەتئىي ئىشىنىپ، باشتىن ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئومۇمىيلىقنى قوغداش، ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش، ئاڭلىق ھالدا ئومۇمىيلىقنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرىكەت قىلىش كېرەك. بۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشكە قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ. ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش مەسىلىسىدە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە رەھبىرىي كادىرلار بۇ تەلەپنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇندىدى. لېكىن، بەزى ئورۇنلار، بەزى يولداشلار ئۆز ئورنى، ئۆز تارمىقىنىڭ مەنپەئىتىگە تاقالغاندا، كۆپ چاغلاردا ئالاھىدىلىكىنى، قىيىنچىلىقىنى تەكىتلەيدۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يۇقىرى بىلەن سودىلىشىدۇ، يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى چالا ئىجرا قىلىدۇ، جانلىق ئىش كۆرۈشكە بېرىلىدۇ، بۇنداق ئورۇنلاردا خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەسكە توختايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا، ئاساسلىقى، ئومۇمىيلىق ئېڭىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى، تار مەھكىمىچىلىك ۋە تارقاقچىلىق سەۋەب بولغان. ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىش ئارمىيىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس سىياسىي ئەۋزەللىكى. ئۇرۇش يىللىرىدا، پارتىيە قەيەرنى كۆرسەتسە، قىسىم شۇ يەرگە بېرىپ جەڭ قىلدى. قىسمەن مەنپەئەتنى قۇربان قىلىپ، ئومۇمىيلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىشلار ئارمىيىمىز تارىخىدا ھەددى-ھېسابسىز. يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز زور كۈچ بىلەن بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا تار مەھكىمىچىلىك ۋە تارقاقچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ھەر بىر رەھبىرىي كادىر پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ پرىنسىپ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى، كۆڭلىگە ئومۇمىيلىقنى پۈكۈشى، ھەر ۋاقىت ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىشى، ئاڭلىق ھالدا ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى كېرەك. دېگىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان ناچار خاھىشلارنى قەتئىي تۈگىتىشى ۋە تۈزىتىشى، ئاغزىدا ئومۇمىيلىققا بويسۇنىمىز دەپ كاللىدا ئۆزىنىڭ قىسمەن مەنپەئىتىنىلا ئويلايدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم؛ يۇقىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئىشنى قىسمەن مەنپەئەتنى دەپ ئىشلىمەيدىغان، كەينىگە سۆرەپ بىجىرمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم؛ يۇقىرى ئېنىق بۇيرۇق بىلەن مەنئىي قىلغان ئىشنى قىسمەن مەنپەئەتنى دەپ ئاستىرتتىن بىجىرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم.

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، پارتىيە تەشكىلى ۋە ئامىنىڭ

نازارىتىنى ئاكتىپ ھالدا قوبۇل قىلىش لازىم. قاتتىق ئىنتىزام ۋە ئۈنۈملۈك نازارەت پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا ئاكتىپ رىئايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولساق، بىزدىن زور دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان دۈشمەننى يېڭەلمەيتتۇق، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايتتۇق. ھازىر، بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزام كۆزقارىشى ئاجىزلىشىپ قالدى، ئۇلار ئۆزىنى ئالاھىدە ئادەم دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ، تەشكىلدىن ئايرىلغان ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ، ئۆزىنى تەشكىلدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ: بەزىلىرى سىياسىي ئىنتىزامغا، تەشكىلىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتەك مەسىلىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، يۇقىرىدىن يولىيورۇق سوراشقا تېگىشلىك ئىشلارغا يولىيورۇق سورىمايدۇ، دوكلات قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى دوكلات قىلمايدۇ، ھەتتا پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش تۇتۇشتەك خاتا ھەرىكەتلەرنى ”كەسكىن، جاسارەت بىلەن ئىش قىلغانلىق“ دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلاردا سادىر بولۇشىغا ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويماسلىقى، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبچى بولغان، ھەم تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى سەۋەبچى بولغان. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، پارتىيە تەشكىلى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش تۈزۈمىنى چوقۇم قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش، پارتىيە تۇرمۇشىنىڭ پرىنسىپاللىقى ۋە كۈرەشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ چوقۇم دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، تەقدىرلەش بىلەن جازالاش ئېنىق بولۇش، ئومۇمەن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ قايسى دەرىجىدىكى كىشى بولۇشىدىن، قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ھەرگىز ئورۇنسىز يول قويماسلىق كېرەك. رەھبىرىي كادىر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە تەشكىلى ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاكتىپ ھالدا قوبۇل قىلىش، قوش تەشكىلىي تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈش، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، شەخس بىلەن تەشكىل، شەخس بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويۇپ، ھەر تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى تەشكىلنىڭ باشقۇرۇشى، تۈزۈملەرنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئىنتىزامنىڭ چەكلىشى ئاستىغا قويۇش لازىم.

## 3. سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى قەتئىي توسۇش لازىم

باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى ئىجتىمائىي شارائىتتا، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى، تارىختىن قېلىپ قالغان فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ كادىرلار قوشۇنىمىزغا بولغان يوشۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىرىتىشنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، رەھبىرىي كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشنى ئاڭلىق ھالدا توسۇپ، ھوقۇق، پۇل، راھەت-پاراغەتتىن ئىبارەت بۇ بىرنەچچە ئۆتكەلدىن ياخشى ئۆتۈپ، كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى ۋە ئۇلۇغۋار روھىنى ئىزچىل ساقلىشى لازىم.

جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك تۈپ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىم. چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى. ئۇنىڭ رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى ئىپادىسى ئاساسلىقى ھوقۇق قوغلىشىش، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى توسۇشتا، ئاۋۋال كىم ئۈچۈن ھوقۇق تۇتۇش، ھوقۇقنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. نۆۋەتتە، ناھايىتى ئاز ساندىكى كادىرلار ''ئەمەل، مەرتىۋە''گە ھېرىسمەن بولۇپ، ئەمەل ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ، ئەمەل دەۋاسى قىلىپ، ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىشتىن، ھەتتا ئالدامچىلىق قىلىشتىن يانمايۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى پارتىيە ۋە خەلق ئاتا قىلغان ھوقۇقنى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ھوقۇقنى پۇل تېگىشىپ، ھوقۇق بىلەن قولايلىق ئىزلەپ، ھوقۇق بىلەن پايدىنى ئېرىشمەكتە. بۇ ئاما ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان چىرىكلىك، شۇنداقلا بىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى- پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بىز، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، دېمىسەك، نېمىنى سىنايدۇ؟ بىزنىڭ ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ياخشى تۇتۇش-تۇتالماسلىقىمىز، ياخشى ئىشلىتىش-ئىشلىتەلمەسلىكىمىزگە قارايدۇ. بىز، رەھبىرىي كادىرلار ھوقۇقنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، دېمىسەك، نېمىنى سىنايدۇ؟ بىزنىڭ ھوقۇقنى ئومۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز ياكى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا قارايدۇ. ھوقۇقنى ياخشى تۇتۇش، ھوقۇقنى ياخشى ئىشلىتىشتە، ئەڭ نېگىزلىكى خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىنى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. بىز ھەر بىر رەھبىرىي كادىر پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ، دائىم ئاما ئىچىگە چۆكۈپ، ئاما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ۋە ئاممىنىڭ ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقى، قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى، خۇشال بولۇش-بولماسلىقى، ماقۇل كۆ-رۈش-كۆرمەسلىكىنى خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىشىمىز، ھەر ۋاقىت پەخەس بولۇپ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلماسلىقىمىز لازىم. قولىمىزدىكى ھوقۇقنى كىم بەرگەنلىكى ئۈستىدە ھەر دائىم ئويلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز كېرەك؛ ھوقۇقنى كىم ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز لازىملىقى ئۈستىدە ھەر دائىم ئويلىنىپ، ھوقۇقنى شەخسىي مەنپەئەت ئېلىۋېلىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىمىز كېرەك؛ ھوقۇقنى قانداق ئىشلىتىش لازىملىقى ئۈستىدە

ھەر دائىم ئويلىنىپ، ئومۇم ئۈچۈن پارتىيىگە كىرىش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، يۇقىرىغا نىسبەتەن پارتىيىگە يۈز كېلەلەيدىغان، تۆۋەنگە نىسبەتەن خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشنى ھەققىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، پۇلپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش لازىم. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، پۇلنىڭ ئىجابىي رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، پۇل يەنە ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېرگە ئىگە، ئەگەر ئۇنى توغرا چۈشەنمىسەك، توغرا مۇئامىلىدە بولمىساق، ئۇگايىلا ئېزىپ قالىمىز، چىرىتىشكە ئۇچرايمىز. بەزى كىشىلەردە جۈملىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا پۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، تونۇش ۋە ھەرىكىتىدە ئېغىش سادىر بولماقتا. بەزىلىرى، پۇل بولغاندىلا ئاندىن ئادەمنىڭ سالاھىيىتى، ئورنى، قىممىتى بولىدۇ، دەپ قاراپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نىشانىنى قولىدىكى پۇلنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىمەكتە. ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ شەخسىي نەپسانىيىتى ئۆرلەپ ھېچنېمىگە قارىماستىن پۇل تاپماقتا، بەزىلىرى ھەتتا پۇلنى دەپ جېنىدىن كېچىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇنىڭغا قارىتا بىز چوقۇم ھوشيارلىقىمىزنى زور دەرىجىدە ئۈستۈرۈشىمىز كېرەك. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ”ئادەم مالنى دەپ ئۆلىدۇ، قۇش يەمنى دەپ ئۆلىدۇ“ دېگەننى ئەقىدە قىلىۋالغاچقا، پۇل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى بولۇپ قالغان. بىز كوممۇنىستلار پۇلغا قارىتا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىدە بولىمىز، خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خىزمەت ئىشلىشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. پۇلغا مۇئامىلە قىلىشتا نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي ئەجدادلار ۋە قەھرىمان، نەمۇنىچىلەر بىز ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى، ئۇرۇش يىللىرىدا، ئىنقىلابىي قۇربان فاڭ جىمىننىڭ قولىدىن ئۆتكەن ئومۇمنىڭ پۇلى نەچچە مىليون يۈەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىر تىيىننىمۇ شەخسىي ئىگىلىۋالماي، باشتىن ئاخىر نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن. دۈشمەنلەر ئۇنى قولغا ئالغاندا، ئۇنىڭ يېنىدىن كومۇش تەڭگىلەرنى تېپىۋېلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بىر تال يارماقمۇ تاپالمىغان. يېڭى دەۋردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىسى كوڭ فەنسېن ۋەزىپە ئۈستىدە قۇربان بولغاندىن كېيىن، پەقەتلا 8 يۈەن 6 مو پۇل قالدۇرغان. بىراق ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى بولمىغان مۇئاشى بىلەن ئىككى زاڭزۇ يېتىم بالىنى باققان، ھەر دائىم قىيىنچىلىقى بار زاڭزۇ قېرىنداشلارغا سېخىلىق بىلەن ياردەم قىلغان. بىز ئۇلارنىڭ پۇل ئالدىدا ئىپادىلىگەن ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئۈلگە قىلىپ، كوممۇنىستلارغا خاس ئېسىل خىسلەتنى باشتىن ئاخىر ساقلىشىمىز لازىم.

جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، راھەتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش لازىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىش ئەھۋالى كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆسۈپ قالدى ۋە يامىرىدى، بەزى كادىرلار جۈملىدىن بەزى رەھبىرىي كادىرلار كىيىنىشتە داڭلىق كىيىملەرنى كىيىشكە، يېمەك-ئىچمەكتە ھەشەمەتلىك مېھمانخانىغا كىرىپ يېيىشكە، ئويۇن-تاماشىدا پۇخادىن چىققۇچە ئويناشقا بېرىلىدىغان بولۇپ قالدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى كادىرلار ئەيش-ئىشرەتنىڭ

ئېرىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالماي، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن يەپ، ئىچىپ، ئويناپ، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلەشتى. ئەگەر بۇ خىل ناچار ئىستىل توسۇلمايدىكەن، دۆلەتنىڭ بايلىقى ئىسراپ بولۇپلا قالماي، نۇرغۇن كادىرلارمۇ كېرەكتىن چىقىپ كېتىدۇ. راھەتپەرەسلىكنىڭ چىرىتىشىنى توسۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشتا. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: "بىر دۆلەت، بىر مىللەت، بىر ئارمىيەدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش تەشەببۇس قىلىنمايدىكەن، كىشىلەر پەقەتلا ئالدىنقىلار ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشنىلا بىلىدىكەن، مېڭىسىنى پۇل ھەممىگە قادىر دېگەن ئىدىيە قاپلىۋېلىپ، كۈن بويى راھەت سۈرۈشنىلا ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ دۆلەت، بۇ مىللەت، بۇ ئارمىيەدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، بۇنداق دۆلەت، مىللەت، ئارمىيەنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتمايدىغىنى ۋە گۇمران بولمايدىغىنى يوق." بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن بىزنى غەپلەتتىن ئويغىتىدۇ. بىزنىڭ ھەر بىر رەھبىرىي كادىرىمىز جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك سىياسىي خىسلەتنى باشلامچىلىق بىلەن ساقلىشى، ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىقى، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىقى، دۆلەتنىڭ پۇلى بىلەن سېخىلىق قىلماسلىقى لازىم؛ لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن، لى رۇنۇۋ، لى گوئ قاتارلىق قەھرىمان، نەمۇنىلىك شەخسلەردىن ئۆگىنىشى، ئاشۇ "پۇلدار"لار، "بايۋەچچە"لەر بىلەن بەسلەشمەسلىكى لازىم؛ ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشى، ئېگىز-پەس ئىش قىلماسلىقى لازىم؛ ئوي-خىيالى ۋە زېھنىنى ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە ئىشلىتىشى، ۋاقتىنى ناخشىخانا، قاۋاقخانىلاردا راھەت كۆرۈش بىلەن ئىسراپ قىلماسلىقى لازىم؛ ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، ئۆزى ئۈچۈن "ھالاۋەت ئۇۋىسى" ياساشقا بېرىلمەسلىكى لازىم.

چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى توسۇش، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك ۋە راھەتپەرەسلىكنى تۈگىتىشتە، ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ھازىر، بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى ئۇزۇن يىل ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، كۆپ يىل پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىپ بولغان، ھېچقانداق چوڭ مەسىلە چىقمايدۇ دەپ قاراپ، ھەر دائىم ئۆزىنى باشقىلارنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ئورنىغا قويۇپ، دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىش ئاممىنىڭ ئىشى، ياشلارنىڭ ئىشى دەپ ھېس قىلىشماقتا، بۇ خىل قاراش ئىنتايىن زىيانلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار جۇملىدىن خىزمەت ئورۇنلىرىدىن چېكىنگەن پېشقەدەم يولداشلار خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان ئىشلار پات-پات يۈز بېرىپ تۇرماقتا، بۇ بىزگە ھۇشيارلىق سىگنالى چالماقتا. پاكىت شۇنى چۈشەندۈردۇكى، دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىش ئۇزۇن يىللىق، مۇشەققەت ۋەزىپە، بىرەر قېتىم ئۆزگەرتىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ھەر بىر رەھبىرىي كادىر پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئادا قىلىشى، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ شەرتىگە ئاساسەن، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش، پارتىيۋىلىك

جەھەتتىن چۈشەنچىسى كۈچەيتىشنى دۇرۇس ئادەم بولۇشنىڭ ھولى، ئەمەلدار بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشـ نىڭ ئاساسى دەپ بىلىشى لازىم. توغرا ھەرىكەت مىزانىغا ئىگە بولۇشى، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق لازىملىقى ھەققىدە ھەق-ناھەقنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىشى، ناھايىتى روشەن پوزىتسىيىدە بولۇشى لازىم. ئالىيجاناب روھىي دۇنيانى كۈزلىشى، ساغلام تۇرمۇش قىزىقىشىنى يېتىلدۇرۇشى، ئىشنىڭ شەپىسىدىن يۈنىلىشىنى كۆرۈپ، كىچىك كەمچىلىكنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، ئېزىقتۇرۇشنى توسالايدىغان، كىچىك ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولۇشى، چىرىتىشنى توسۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئىستىھكامنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

## 4. سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم

باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سىياسەتنى تەكىتلەش دېگەنلىك ئاددىي ھالدىلا بەزى سىياسىي شوئارلارنى تەكرارلاش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتلەر بىلەن ئورگانىك ھالدا زىچ بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم." رەھبىرىي كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلەشتە، قۇرۇق سۆز بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈش، ئۇلتۇرۇۋېلىپلا قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۆز ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، سىياسەتنى تەكىتلەش ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ توغرا يۈنىلىشلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلگەن ئۇتۇقلار ئارقىلىق سىياسەتنى تەكىتلەش تەلىپىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ئىپادە قىلىشى لازىم.

رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەيلى قانداق خىزمەت ئورنىدا ۋە قانداق كونكرېت خىزمەتكە مەسئۇل بولسۇن، سىياسەتنى تەكىتلەش ئۇلار ئۈچۈن ئورتاق، بىرىنچى ئورۇندىكى مەسئۇلىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزىدىغان قوراللىق گۇرۇھ بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي خاراكتېر ئالغان ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردا ئەگەر يۇكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بولمىسا، سىياسىي يۈنىلىش ۋە سىياسىي مەيدان يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە ۋە ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بولمىسا، خەلقئارالىق كۆرەشتىن ئىبارەت چوڭ مۇھىت، چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى چىقىش قىلىپ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولمىسا، ئىسلاھاتـ ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتەك كەڭ نەزەر دائىرىسى، كەڭ پىكىر يولىنى چىقىش قىلىپ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولمىسا، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا چوڭ خاتالىق سادىر قىلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئارمىيىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تۇتقان ئورنى مۇھىم، مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇلارنى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ھەيۋەتلىك قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاش-ساقلىيالماسلىقى

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ بىر ياراملىق رەھبەر بولۇش-بولالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەدبىر، يوليورۇقلىرىنىڭ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش-ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەسلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر يولداش سىياسەتنى تەكىتلەش تەلپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىشى، ھەر تەرەپلىمە ئويلىنىپ تەدبىر بەلگىلەش ۋە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا چوقۇم سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلىشى، كۆرسەتمە بېرىش، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا چوقۇم سىياسىي كۆزقاراشلار ئۈستىدە ئويلىنىشى، ۋەزىيەت ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ھۆكۈم چىقارغاندا چوقۇم سىياسىي ئەھۋالنى ئىگىلىشى، ئادەملەرنى چۈشىنىش، ئىشلىتىشتە چوقۇم سىياسىي شەرتلەرنى تەكىتلىشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا چوقۇم سىياسىي تەسىرگە دىققەت قىلىشى لازىم. رەھبىرىي كادىر بولغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش كەسپكە بېرىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى، سىياسىي جەھەتتە ۋەزىپىنى ئادا قىلماسلىق ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى چىڭ ئىگىلەش لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن رەھبىرىي كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلىشى لازىم دەپ تەكىتلىگەندە ئېيتقان سىياسەت، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدا سىياسىي يۆنىلىشنىڭ بىرىنچى مادda قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىقى بار. سىياسەتنى تەكىتلەش تەلپىنى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ئىگىلەش لازىم. سىياسىي يۆنىلىش ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى بولۇپ، سىياسىي يۆنىلىشتە خاتالىق يۈز بەرسە، ھەممە ئىشتا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. سىياسىي يۆنىلىش بىزنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىمىز ۋە خىزمەتلىرىمىزگە سىڭگەن بولىدۇ. بىزنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگىنىمىز ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ھەر تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇش، ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇھىم فاڭجېن ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىر توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلاش، پىلان تۈزۈش، خىزمەت ئىشلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئالدىن ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرگىلى، ئوي-پىكىر ئېنىق بولۇپ، نىشاننى روشەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارمىيە ساپاسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشتەك ستراتېگىيىلىك قارارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى تۇرغۇزۇپ، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ چىقتى. بىز بۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلقئارالىق

ستراتېگىيىلىك تۈزۈلمىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ بىختەرلىك مۇھىتىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشتەك سىياسىي يۈكسەكلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، چۈشەنچىمىزنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىر توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەم ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەقسىتىگە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

سىياسەتنى تەكىتلەشنى قىسىملار قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدىغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش سىياسەتنى تەكىتلەشنى قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا كەڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى قۇدرەتلىك روھىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلەشنىڭ تۈپ تەدبىرى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى ئورۇننىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى پوختا تۇتۇلسا، شۇ ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى، كەيپىياتى توغرا بولىدۇ، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەر ياخشى ئورۇندىلىدۇ؛ قايسى ئورۇن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە سەل قارايدىكەن ياكى بوش قويۇۋېتىدىكەن، نوقۇل ھالدا مەنپەئەت ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىغا قويىدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالمايلا قالماستىن، بەلكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى بارغانسېرى كۆپەيتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قىسىملارنىڭ سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى يۇقىرى ئۆلچەملىك ھالدا ياخشى تۇتۇشى لازىم. ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسنى مۇستەھكەملەپ، باشتىن ئاخىر سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكنى ساقلاشقا يېتەكلىشى لازىم. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ۋەتەننى سۆيۈش-تۆھپە يارىتىش، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، كادىرلارغا ھۆرمەت قىلىش- ئەسكەرلەرنى ئاسراش ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق توسۇپ، باشتىن ئاخىر ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى ساپلىقنى ساقلاشقا يېتەكلىشى لازىم. دائىملىق ئىدىيىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ

ئارمىيىنى سۆيۈش، ھەربىي مەشىق قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى باشتىن ئاخىر جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالەتتە تۇرغۇزۇشى، شۇ ئارقىلىق قوشۇننىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تاپشۇرغان ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تولۇق ئورۇندىشى لازىم.

**(ئاپتۇر: مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**قەيسەر قۇربان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ”يەرلىك قورۇقچىلىق“ توغرىسىدا

**ما چۈەنجىڭ**

ئاتالمىش ”يەرلىك قورۇقچىلىق“ مۇنداق بىر خىل قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ: يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، يەرلىك مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ، ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ، ھەتتا يەرلىك مەنپەئەتنى دەپ ئومۇمىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن، ماكرو جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا قارىماي، تۈرلەرنى جېنىنىڭ بېرىچە تالىشىدۇ، يايما يايىدۇ، سۈرئەت قوغلىشىدۇ؛ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەلەپنى نەزەرگە ئالماي، باھاسى يۇقىرى، پايدىسى زور بولغان ۋە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان تۈرلەر بولسىلا تالىشىپ يولغا قويىدۇ؛ رايون بېكىنمىچىلىكى ۋە رايون ئايرىمىچىلىقى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ھەممىلا يەردە چازا قۇرۇپ، قاتمۇقات ھەق ئېلىپ، باشقا جايلارنىڭ مەھسۇلاتىنى كىرگۈزۈشكە، ئۆز جايىنىڭ بايلىقىنى يۆتكەشكە يول قويمايدۇ؛ ئۆز جايىغا مەنپەئەت بېرىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى پەرقلەندۈرمەي بىردەك قوغدايدۇ، مەسىلەن، كارخانىلارنىڭ يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشىغا سۈكۈت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ. بانكىلارغا شۇ جايدىكى كارخانىلارنىڭ باشقا جايلاردىن ئالغان قەرزدىن تېنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا بېشارەت بېرىدۇ. سوت مەھكىمىسىنى شۇ جايدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلىرىغا يان بېسىشقا كۈشكۈرتىدۇ ۋەھاكازالار. مەركەز قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بوي سۇندۇرۇشنى، ”يەرلىك قورۇقچىلىق“قا قارشى تۇرۇشنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق ئەھۋاللار توگەش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇ، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ بارغانسېرى چوڭ پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئۇنداقتا، ”يەرلىك قورۇقچىلىق“نىڭ زادى قانداق زىيانلىرى بار؟ بۇنداق ئەھۋال نېمە سەۋەبتىن كېلىپ چىققان؟ قانداق قىلغاندا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

# "يەرلىك قورۇقچىلىق"نىڭ زىيانلىرى

"يەرلىك قورۇقچىلىق"نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىيىنى ئېغىر، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ۋە ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئومۇمىي مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىن قارىغاندا، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزۈپ، قىسمەن مەنپەئەتنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

"يەرلىك قورۇقچىلىق"نىڭ ماكرو ئىگىلىككە بولغان پايدىسىز تەسىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدۇ. جۇڭگو تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى زورايتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، سوتسيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىقتىسادنىڭ تېزراق ئېشىش سۈرئىتىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىش كېرەك. لېكىن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ رېئال ماددىي ئاساس، تېخنىكا ئاساسى ۋە مۇھىم ئامىللار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم بىر ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئومۇمىي تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي تەڭپۇڭلۇق ساقلىنىشى كېرەك. ناۋادا ھەرقايسى جايلار ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، تۈرلەرنى جېنىنىڭ بېرىچە تالاشسا، يايما يايسا، سۈرئەت قوغلاشسا، مۇقەررەر ھالدا ئومۇمىي تەلەپ ئومۇمىي تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىدىغان، ئىقتىساد ھەددىدىن ئارتۇق قىزىپ كېتىدىغان ۋە پۇل پاخاللىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ-دە، دۆلەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا گاھ ئۆرلەش، گاھ پەسىيىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىقتىسادتا داۋالغۇش بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋالدا، ماكرو جەھەتتە ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئېغىر پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىققان ئەھۋالدا، نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپ يوقىلىپ كېتىدۇ، كارخانىلار مەبلەغ سالسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئۈستىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمۇ باھانىڭ تەرتىپسىز ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بىكارغا كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كارخانىلار ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولىدۇكى، ئۇلار ھەم مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى خالىمايدۇ، ھەم باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنى خالىمايدۇ، بەلكى تۈرلۈك ئامىللارنى قوللىنىپ باھا جەھەتتىن يول تاپماقچى بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى جەزمەن تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىساد ھەددىدىن ئارتۇق قىزىپ كېتىپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قىسىشقا مەجبۇر بولغاندا، بىر قىسىم تۈرلەرنى توختىتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز ئۈنۈمىنى جارى قىلالمايدۇ؛ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشنى توختىتىپ قويۇپ، قايتىدىن ئىش باشلىغاندا، قۇرۇلۇش خىراجىتى جەزمەن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ؛ ئىقتىساد

ھەددىدىن ئارتۇق قىزىپ كەتكەن، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ھەددىدىن تاشقىرى چوڭ بولغان ئەھۋالدا، يېڭى قۇرۇلۇش تۈرلىرى مەبلەغنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىگەللەپ كەتسە، ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى مۇقەررەر ئىگەللىنىپ كېتىدۇ-دە، ھازىرقى بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق زىيانلارنىڭ ئومۇمىي تەسىرى بىلەن، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلىمەي قالمايدۇ.

ئىككىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشىغا پايدىلىق ئەمەس. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەھۋالىغا ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەقىلگە مۇۋاپىق كەسىپ قۇرۇلمىسىدا تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەر بولۇشى كېرەك: ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئېھتىياج قۇرۇلمىسى بىلەن ماسلاشقان بولۇشى، يۇقىرى ئېخنىكىلىق، يۇقىرى قوشۇمچە قىممەتلىك مەھسۇلات ۋە كەسىپلەر يۇقىرىراق نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇشى، كەسىپ تەرەققىياتى جەھەتتە رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم نۇقتىسى بولۇشى، جۈملىدىن ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك، ۋەھاكازا. ”يەرلىك قوروقچىلىق“ قىلغۇچىلار ئۆز يېرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، باھاسى يۇقىرى، پايدىسى زور بولغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ۋە ئاساسىي كەسىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر ھالدا مۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ: بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئارقىدا قالىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئاساسى ئاجىز بولغان شارائىتتا، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، تەكرار قۇرۇلۇش، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولىدۇ، قىس مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئادەملەر بولمايدۇ، كۆپلىگەن زىيادە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن سېتىلماي قالىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىشقا سېلىنماي قالىدىغان ئەھۋال ئېغىر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقانداق مەھسۇلاتنىڭ بازار سىغىمى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن، سېلىنمىنىڭ ھەممىسى باھاسى يۇقىرى، پايدىسى زور تارماقلارغا يىغىلىپ قالغان چاغدا، مۇقەررەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش تارقاقلىشىپ قالىدىغان، كۆلەم تارىيىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قېلىپ، ھېچقايسىسى كۆلەملىك ئىگىلىككە خاس ئۈنۈمنى ئالالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن ئالدىنقى بىرقانچە يىلدا كىچىك پولات زاۋۇتى، كىچىك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ھەممە يەردە قۇرۇلغانىدى، بۇ زاۋۇت، فابرىكىلار ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆلەمگە زادىلا يېتەلمىگەن بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى چوڭ- ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭكىدىن بىرقانچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، بايلىقتىن پايدىلىنىشنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۈچىنچىدىن، رايونلار ئارا كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتىنى شەكىللەندۈرۈشكە، ھەرقايسى رايوننىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ، بايلىقنى تەقسىملەش، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بازارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بازار رىقابىتىنىڭ ھەقىقىي تۈردە قانات يېيىشىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاشقا تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىشتىن باشقا ئامال يوق. «يەرلىك قورۇقچىلىق» بازار ئايرىمچىلىقى ۋە رايون بېكىنمىچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سۈنئىي مونوپوللۇقنى شەكىللەندۈرۈپ، قالاقلىقنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىلغارلىقنى چەتكە قاقىدۇ، رىقابەتنى ھەقىقىي تۈردە قانات يايدۇرۇشقا تۈپتىن ئامالسىز قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار يەنىلا قويۇق فېئوداللىق ئىگىلىك تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بىزنىڭ ئىسلاھات نىشانىمىزغا زىت.

قىسقا مۇددەتلىك ئۈنۈملا نەزەرگە ئېلىنىدىغان بولسا، «يەرلىك قورۇقچىلىق» ھەقىقەتەن جايلارغا پايدا ئېلىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا قۇلاق سالماي، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تۈرلەرنى كۆپەيتىپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتكەندە، قىسقا مۇددەت ئىچىدە يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، كىرىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە ئىش قىلغان جايلارغا قارىغاندا كۆپرەك پايدا ئېلىش مۇمكىن؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەھۋالىغا نەزەر سالماي، قايسى تۈرگە مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان، پايدىسى كۆپ بولىدىغان بولسا شۇ تۈرنى يولغا قويغاندا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە جايلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش مۇمكىن؛ چەت رايونلار مەھسۇلاتىنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەندە، قىسقا مۇددەت ئىچىدە يەرلىك كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات بازىرىنى قوغداش، يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈنۈمىنى ئېلىشمۇ مۇمكىن، ۋەھاكازالار. لېكىن، «يەرلىك قورۇقچىلىق» بىر قوش بىسلىق خەنجەردۇر، يىراقنى ئويلاش نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىدىن، «يەرلىك قورۇقچىلىق» ماكرو ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ياكى ئۇنى ئەدىتىۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرىدا يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۈنكى بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى بەرىبىر ماكرو ئىگىلىكنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن كەسىپ قۇرۇلمىسى ئېغىر دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئورۇنسىز تەرەققىي قىلغاندا، يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە مۇلازىمىتىگە بولغان تەلەپ قاندۇرۇلماي قالىدۇ، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىشقا سېلىنماي قالىدۇ، بايلىق ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئۆرلىيەلمەي قالىدۇ، پايدا-باج كىرىمىمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشمايدۇ. يەنە مەسىلەن، ماكرو ئىگىلىك تەرەققىياتىدا تولىمۇ قىزىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، مەبلەغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك قىسچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن، جايلارنىڭ بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يېتەرلىك مەبلەغقە ئېرىشەلمەسلىكى سەۋەبىدىن توختاپ قېلىشى

مۇقەررەر؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا لازىم بولغان مەبلەغ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىمۇ تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىۋاسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىنى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ كۈتكەن ئارزۇسىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ”يەرلىك قوغداشچىلىق“ يەنە يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە ھالدا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ يالغان، ناچار تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشىغا سۈكۈت قىلىدىغان، مەدەت بېرىدىغان بولسا، بۇ جايلارنىڭ ئابرويى ۋە ئىناۋىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ، كىشىلەر بۇنداق جايلارغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشنى خالىمايدىغان، كارخانا ۋە ئىستېمالچىلارمۇ بۇنداق جايلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئالدىنقى يىللىرى مەلۇم بىر جاي يالغان دورا ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ مەملىكەت بويىچە نامى چىقىپ كەتكەنىدى، گەرچە كېيىن ئۇ بۇ يولدىن يانغان بولسىمۇ، كىشىلەر مەلۇم بىر خىل مەھسۇلاتنى مۇشۇ جاي ئىشلەپچىقارغانلىقىنى بىلسە، يەنىلا ئۇنى قاچۇرامدۇ-قاچۇرمامدۇ؟ يەنە مەسىلەن، بەزى جايلار ئومۇمىي كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆز جايىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى، پايدا-بېجىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەس-بەس بىلەن باھاسى يۇقىرى، پايدىسى زور تۈرلەرنى يولغا قويىدۇ، نەتىجىدە شۇ جاينىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى باشقا جايلارنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ قېلىپ، ئوخشاش خىلدىكى مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئىقتىدارى بازار سىغىمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدىكى بەزى كارخانىلار-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىشقا سېلىنماي بوش قالىدۇ، بەزى كارخانىلار ھەتتا تاقىلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، سېلىنغان بايلىقتىن ئېلىشقا تېگىشلىك مەنپەئەتنىمۇ ئالغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەخمىقانە ئىشلار كۆپ قىلىنسا، يەرلىك ئىگىلىك زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسىلىگە جايلارنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن قارىغان تەقدىردىمۇ، ”يەرلىك قوغداشچىلىق“ ئاز نەرسىنى دەپ كۆپ نەرسىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان قىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

”يەرلىك قوغداشچىلىق“ ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانلىق بولۇپ قالماستىن، ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر سىياسىي ئاقىۋەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەسكىن تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىققا ئىگە پرولېتارىيات پارتىيىسىدۇر، پۈتۈن پارتىيىنىڭ قەدەمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى ئىشلىرىمىزدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى. ”يەرلىك قوغداشچىلىق“ قىسمەن مەنپەئەتنىلا ئاساس قىلىپ، مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىگە قارىتا، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرى بولسا ئىجرا قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرى بولسا ئىجرا قىلمايدۇ، ھەتتا كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدۇ. ”يۇقىرىدا سىياسەت بولسا، تۆۋەندە تەدبىر بار“ دېگەن نېمە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلىدىغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە لىبرالىزمنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا مەدەت بېرىلىدۇ، پارتىيىنىڭ مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، مەركەزنىڭ نوپۇزى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان، ھەركىم ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلگىنىنى قىلىدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى ۋە ئىدىيىۋى لۇشيەنى ئۇنۇملۇك ئىزچىللاشماي قالىدۇ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ، پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ئامالسىز قالىدۇ. دېمەك، بىز «يەرلىك قورۇقچىلىق»نىڭ زىيانلىقلىقىنى سىياسىي يۇكسەكلىكتىن تونۇپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سىياسەتنى تەكىتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «يەرلىك قورۇقچىلىق»قا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

## نېمە ئۈچۈن «يەرلىك قورۇقچىلىق»پەيدا بولىدۇ

ئالدى بىلەن «يەرلىك قورۇقچىلىق»نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىقتىسادىي سەۋەبنى تەھلىل قىلىپ باقايلى.

سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئومۇمەن ئىككى ياقلىمىلىق سالاھىيەتكە ئىگە: ئۇ ھەم مەنپەئەت ئالغۇچى، ھەم باشقۇرغۇچى. ئۇ مەنپەئەت ئالغۇچى سۈپىتىدە، ئۆز رايونى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ؛ باشقۇرغۇچى سۈپىتىدە، دۆلەتنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى بويىچە، ئۆز رايونىدىكى دۆلەت مۈلكىنى ئوبدان باشقۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماكرو ئىگىلىك نىشانىنى ئورۇنداش ئۇنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتتە ئانچە كۆپ مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەت يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ھوقۇقنى بېرىش ۋە پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش جەھەتتىكى بىر قاتار تەدبىرلەر يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى مۇستەقىلراق بولغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى، مەنپەئەت ئالغۇچىلىق سالاھىيىتى بارغانسېرى ئايدىڭلاشتى. مەنپەئەت ئالغۇچى سۈپىتىدە، ئۆز رايونىنىڭ ئومۇمىي بايلىق مىقدارىنى ئۇلغايتىش، ئۆز رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سەۋىيىسى، كىرىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كۆپرەك تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىگىلىكنى تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز رايونىدىكى كارخانىلارغا مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرىش يەرلىك ھۆكۈمەت جەزمەن قىلىدىغان ئىش بولىدۇ، بۇنىڭ ئەيىبلىگۈدەك ھېچنېمىسى يوق. جايلارنىڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بۇنداق ئاكتىپلىقى ھەقىقەتەن مەلۇم دەرىجىدە يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

مەسىلە شۇكى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەڭ زور چەكتە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشى نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلىپ «يەرلىك قورۇقچىلىق»قا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى

سەۋەبى ئىككى خىل. بىرىنچىدىن، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە باھا سىستېمىسىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماسلىقى ”يەرلىك قورۇقچىلىق“نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىقتىسادىي ئاساستۇر. تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى سانائەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە خادىملارنىڭ سۈپىتى جەھەتتە خېلى زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن سانائەت ئاساسى ياخشى بولغان رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە كارخانىلىرى خېلى كۈچلۈك رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە، سانائەت ئاساسى ناچار بولغان رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچى بولسا ئاجىزراق. ئۆز رايونىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، سانائەت ئاساسى ناچار بولغان رايونلار مەمۇرىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز رايونىنىڭ كارخانىلىرىنى قوغداپ، چەت رايون مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىرىشىنى چەكلەيدۇ. يەنە كېلىپ مەملىكىتىمىزدە بايلىق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى تۆۋەنرەك، پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى يۇقىرىراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بايلىقى مول بولسىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان رايونلار ئۆز يېرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بايلىقنىڭ چەتكە ئېقىپ كېتىشىنى چەكلەپ، ئۆزلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، پىششىقلاپ ئىشلەش سەۋىيىسى يۇقىرى بولسىمۇ بايلىقى كەمچىل بولغان رايونلار بولسا ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيالارنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرماي قالمايدۇ. مانا بۇ رايون بېكىنمىچىلىكى ۋە بايلىق تالىشىش قاتتىق جېڭىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبىدۇر. ئىككىنچىدىن، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلار ئايرىۋېتىلمىدى، كارخانىلار تېخى ھەقىقىي تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن بولۇپ قالغىنى يوق، ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىشنى بەلگىلەش ھوقۇقى يوق، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنىلا ئەڭ مۇھىم مەبلەغ سالغۇچى ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا بەلگىلىگەن تەدبىرنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە ھەقىقىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. مانا بۇ، ”يەرلىك قورۇقچىلىق“نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۈزۈلمە ئاساسىدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كارخانىلار ھەقىقىي تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا ئايلىنىپ، مەبلەغ سېلىشقا ئوخشاش ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان بولغان ھەمدە ھەقىقىي رىقابەت شارائىتى شەكىللەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، كارخانىلارنىڭ تەمىنلەشنىڭ ئالدىنقى تەلىپىنى قاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھەتتا تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ھېلىقى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش بىلەن تەڭلا توختىتىشقا مەجبۇر بولىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس؛ ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا ئىقتىدارى ھازىرلانمىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق كۆلەمگە يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، يەنىلا جېنىنىڭ بېرىچە قۇدرىتى يەتمەيدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىزنىڭ سەممىزگە شۇنى سالىدۇكى، ”يەرلىك قورۇقچىلىق“نى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېزدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

"يەرلىك قورۇقچىلىق"نىڭ پەيدا بولۇشىدا يەنە بەزى غەيرىي ئىقتىسادىي سەۋەبلەر بار. يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتا. بىرىنچىدىن، بەزى يولداشلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى، كۆندىلىك ئىشلارغا باش چۆكۈرۈشىنىلا بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدى، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى، ئىنتىزام كۆزقارىشى پەيدىنپەي سۇسلىشىپ قالدى. قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەت بىرلىككە كەلمەي مەلۇم زىددىيەت بولغاندا، ئۇلار ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنى ئۇنتۇپ قالدۇ، ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن كارى بولماي، ئۆز يېرىنىڭ مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدۇ، "يەرلىك قورۇقچىلىق" خاتالىقىنى سادىر قىلدۇرىدىغان نەرسە مانا مۇشۇ. ئىككىنچىدىن، مەملىكىتىمىزنىڭ كادىرلارنى سىناش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۆلچىمىنىڭ ئەقلگە مۇۋاپىق بولماسلىقى "يەرلىك قورۇقچىلىق"نى ئۆستۈرۈپ قويىدى. شۇنى كۆرستىپ قويۇش لازىمكى، بەزى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قوغلىشىدىغان مەنپەئەت نىشانى ئىككى ياقلىمىلىق بولىدۇ: ئۇنىڭدا ھەم ئۆز رايونىدىكى بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەڭ زور چەكتە ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان تەرەپ بار، ھەم شەخسىي مەنپەئىتىنى ئەڭ زور چەكتە ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان تەرەپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى قوغلىشىش. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تا ھازىرغىچە، بىز كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، سىناش ۋاقتىدا سۈپەت كۆرسەتكۈچىنى، يىراق كەلگۈسى نىشانىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى كۆپىنچە سان كۆرسەتكۈچىنى، قىسقا مۇددەتلىك كۆرسەتكۈچنى ئاساس قىلىۋاتىمىز، "مەھسۇلات قىممىتى ئۆسسە، شۇجىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ"، "ساندىن كادىر چىقىدۇ، كادىردىن سان چىقىدۇ" دېگەن پەتىۋالار دەل مۇشۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ئاددىي يىغىنچاقلىمىسى. مۇشۇنداق مەنپەئەتنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى ناچار، پارتىيىۋىلىك كۆزقارىشى سۇس بەزى يەرلىك ئەمەلدارلار ئومۇمىي مەنپەئەتنى، جاينىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى قۇربان بېرىشتىن يانماي، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىنى نوقۇل قوغلىشىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى قارىغۇلارچە كېڭەيتىدىغان، تەكرار قۇرۇلۇشلارنى ھەدەپ ئېلىپ بارىدىغان، رايون بېكىنمىچىلىكىنى يولغا قويىدىغان، قالاقلىق ۋە قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى قوغدايدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللانماقتا. ئۈچىنچىدىن، "يەرلىك قورۇقچىلىق"قا ئائىت ھەرىكەتلەر قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنمىدى. شۇنى كۆرستىش لازىمكى، بىزنىڭ كادىرلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كومپىگە چوغ تارتقانلىقىنى، خىيانەت قىلىپ چىرىكلەشكەنلىكىنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز بىرقەدەر كەسكىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن "يۇقىرىدا سىياسەت بولسا، تۆۋەندە تەدبىر بار" دېگەن نېمىنى يولغا قويۇشتەك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كۈچلۈك بولمىدى. خۇددى "يەرلىك قورۇقچىلىق"نى يولغا قويۇش بەرىبىر شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەستەك، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كومپىگە چوغ تارتىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشىمايدىغاندەك، شۇڭا ئەپۇ قىلىۋەتسە بولىدىغاندەك قارىدۇق. ئەمەلىيەتتە، "يەرلىك قورۇقچىلىق" پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا زىيان كەلتۈرىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا ھەتتا تېخىمۇ زور زىيان كەلتۈرىدۇ، ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

# قانداق قىلغاندا «يەرلىك قوروۇقچىلىق»نى تۈگەتكىلى بولىدۇ

ھەم «يەرلىك قوروۇقچىلىق»نى تۈگىتىش، ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا بەزى كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

ئالدى بىلەن ئىسلاھاتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ بولۇپمۇ ئىپتىدائىي مەھسۇلاتلار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سېلىشتۇرما باھا مۇناسىۋىتىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلما تىپى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەرقايسى رايونلار ئوتتۇرىسىدا بايلىق تالىشىدىغان، ئۆزئارا قامال قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كارخانا ئىسلاھاتى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا مۇناسىۋىتى ئىسلاھاتى ئارقىلىق، كارخانىلارنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆز-ئۆزىنى راۋاجلاندۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەپ تۇرىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى ھەقىقىي رەۋىشتە يولغا قويۇپ، كارخانىلارنى ئەڭ مۇھىم مەبلەغ سالغۇچى، تەدبىر بەلگىلىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى، ماكرو ئىگىلىك مۇناسىۋىتى، تېخنىكا شارائىتى، مەبلەغ شارائىتىغا قاراپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى دېموكراتىك، ئىلمىي يوسۇندا بەلگىلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن «يەرلىك قوروۇقچىلىق»نىڭ تۈزۈلمە ئاساسىنى يوقىتىش كېرەك.

«يەرلىك قوروۇقچىلىق» مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنە تىرىشىپ رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى شارائىتى جەھەتتىكى پەرقىنى ئازايتىپ، تەكشى-ماس تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى رايونلارنى ئۆزئارا ئىش تەقسىم قىلىنىۋالىدىغان، ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىگە تايىنىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، سېلىشتۇرما تەننەرخ پرىنسىپى بويىچە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىر-بىرسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنى كېڭەيتىش مۇقەررەر تەلەپ بولۇپ قالىدۇ، بازار ئايرىمچىلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىقتىسادىي ئاساسىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي ئورۇنداپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. «يەرلىك قوروۇقچىلىق»نى چەكلەش ئۈچۈن، يەنە قاراتمىلىقى بولغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. بىرىنچىسى، باھا سىستېمىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان، خۇسۇسەن خام ئەشيا، ئېنېرگىيە باھاسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەرىجىگە كۆتۈرۈش تەس بولغان ئەھۋال ئاستىدا، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان رايونلارنىڭ بايلىق رايونلىرىغا باھا پەرقىنى قايتۇرۇشىنى، ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يۆتكەپ چىقىم

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئارقىلىق بايلىق رايونلىرىغا مەلۇم مىقداردا زىيان تۆلىشىنى، بايلىق رايونلىرىنىڭ مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق ئېنېرگىيە، خام ئەشيانىڭ سىرتقا نورمال چىقىپ تۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى يولغا قويۇشنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئىككىنچىسى، كادىرلارنى سىناش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋاقتىدا، مەھسۇلات قىممىتىگە قاراپ باتۇر دەيدىغان، ئورنىنى ئۆستۈرىدىغان ئۇسۇللارنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش كېرەك. كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى تەكشۈرگەندە، يالغۇز سان كۆرسەتكۈچلا بولۇپ قالماستىن، سۈپەت كۆرسەتكۈچى، ئۈنۈم كۆرسەتكۈچمۇ بولۇشى لازىم؛ يالغۇز قىسقا مۇددەتلىك كۆرسەتكۈچلا بولۇپ قالماستىن، ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرسەتكۈچمۇ بولۇشى لازىم؛ يالغۇز كادىرنىڭ ئۆز رايونىدا قانداق نەتىجە كۆرسەتكەنلىكىگە، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىغىلا قاراپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، ئومۇمىي مەنپەئەتكە قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىغىمۇ قاراش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى كۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، ئىقتىسادىي تەدبىر بەلگىلەش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ماكرو ئىگىلىككە نىسبەتەن كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان تەسىرىنى ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، پەقەت يەرلىك مەنپەئەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېھتىياجىغا قارىمايدىغان، قارىملىق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، تەكرار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان، قالاقلىق ۋە قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى قوغدايدىغان قىلمىشلار ئاز-تولا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچىسى، پارتىيە بويىچە ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. جۇڭگو بىر چوڭ دۆلەت، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شارائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، شۇڭا جايلار ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئايرىم مەنپەئىتىگە ئىگە بولسا بولىدۇ. لېكىن، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا كۆرسەتكىنىدەك، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە، ”ھەم دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان يەرلىك مەنپەئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تارماق مەنپەئىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.“ رايونلارنىڭ قىسمەن مەنپەئىتى بىلەن دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇپ قالغاندا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ئارقىلىق ئۆزىگە تەلەپ قويۇپ، يەرلىك مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بوي سۇندۇرۇشى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە بوي سۇندۇرۇشى، مۇناسىۋەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قويماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. تۆتىنچىسى، پارتىيە ئىنتىزامىنى قايتا تەكىتلەپ، تۆۋەن دەرىجىلىك يۇقىرى دەرىجىلىككە بوي سۇنۇش، پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا بوي سۇنۇشنى تەكىتلەش كېرەك، يەرلىك كىچىك چوتىنى سوقۇپ، مەركەزنىڭ تەدبىرى ئالدىدا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلغان، باشقىچە بىر يول تۇتۇپ، ئومۇمىي مەنپەئەتكە ۋە جايلارنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن ھەتتا جىنايى ئىشلارنى قوغدىغان رەھبىرىي كادىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئىنتىزام جازاسى بېرىش ھەتتا ئۇلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: مۇھەممەت ئىمىن**
**تۇرسۇن رەھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# مەملىكىتىمىز غەربىي رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى سېلىنما مەسىلىسى توغرىسىدا

**ۋۇ شىمىن**

غەربىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قېلىشى، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقىنىڭ زورىيىپ كېتىشى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى نازۇك ۋە قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىدا شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش كەلگۈسى 15 يىلدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ بىر مۇھىم فاڭجېنى قىلىپ بېكىتىلدى، شۇنداقلا غەربىي رايونلار تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئېنىق نىشانى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، غەربىي رايونلارنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى بىر ئاساسىي مەسىلە سېلىنما مەسىلىسى، بولۇپمۇ نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساپاسى يۇقىرى بولمىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاساسى ناچار، ئاجىز بولغان غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا سېلىنمىغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. غەربىي رايونلاردا تارقالغان بىر ماقال-تەمسىلدە: "بۇلاق سۈيى بولسىلا، چۆللەرمۇ بوستان بولىدۇ" دېيىلگەن. بۇلاق سۈيى غەربىي رايونلارغا سېلىنىدىغان سېلىنمىغا تەمسىل قىلىنسا تازىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن، بۇ شىرىلداپ تۇرغان بۇلاق سۈيى قەيەردىن كېلىدۇ؟ قەيەرگە ئاقىدۇ؟ يەنە قانداق قىلىپ ھەر بىر تامچە بۇلاق سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق ھاياتبەخش يېڭى بوستاننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## ئەمەلىي ئەھۋالنى تەتقىق قىلىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىش

غەربىي رايونلارغا سېلىنما سېلىشتا قانداق بىر پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك؟ قانداق بىر ئۆلچەمنى بەلگىلەش لازىم؛ بۇ، سېلىنما مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

غەربىي رايونلار بايلىق مول بولۇش بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامرات بولۇشتەك ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە رايونلاردۇر. غەربىي رايونلار باي، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 5 مىليون 589 مىڭ كۋادرات كىلومېتر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 58 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەر ئۈستى، يەر ئاستىدىكى

www.uyghurkitap.com

بايلىقى مول، بۇنىڭ ئىچىدە: كۆمۈر بايلىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 80.6 پىرسەنتىنى، سۇ كۈچى بايلىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 60.4 پىرسەنتىنى، يايلاق بايلىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 89.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن غەربىي رايونلار يەنە نامرات رايونلار بولۇپ، 1994-يىلى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پەقەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 9.8 پىرسەنتىنى، مالىيە كىرىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 4.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمــى 797.3 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى (1221 يۈەن) نىڭ 65.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا قالاق ھالەتتە بولۇپ، ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشى 14.38 كىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نىسبىتى بولسا 23.35 كىشى. رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، غەربىي رايونلارنىڭ نامراتلىقنى ئۆزگەرتىش لازىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە نامراتلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ماددىي شارائىتى بار، بۇ ماددىي شارائىت مول تەبىئىي بايلىقنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. پەقەت سېلىنمىدىن ئىبارەت ئاچقۇچ بىلەن بايلىق خەزىنىسىنى ئاچىدىغانلا بولساق، غەربىي رايونلارنى قەدەممۇقەدەم مول بايلىقىغا مۇناسىپ كېلىدىغان باي رايونلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ شەرقىي رايونلار بىلەن تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنىڭ زورىيىپ كەتكەنلىكىمۇ ئوخشاشلا رېئاللىق. ئەگەر بويلىما سېلىشتۇرما قىلىدىغان بولساق، غەربىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى، سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978-يىلدىكى 46 مىليارد 100 مىليون يۈەندىن 1994-يىلدىكى 646 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، 13 ھەسسە ئاشتى. مالىيە كىرىمى 5 مىليارد 234 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 25 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى. لېكىن تەرەققىيات تەكشى بولمىغانلىقتىن، غەربىي رايونلار بىلەن شەرقىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئادەمنى ئەندىشىگە سالغۇدەك دەرىجىدە زورايماقتا. 1978-يىلدىن 1994-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى جەھەتتە، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى كۆپىنچە 20% ئەتراپىدا بولدى، غەربىي قىسمىدىكى كۆپ ساندىكى ئۆلكە، رايونلارنىڭ بولسا 10 پىرسەنتكىمۇ يەتمىدى. پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدە تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئامىللار بار، لېكىن سېلىنمىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىر مۇھىم سەۋەب. بۇ كەڭ رايونلارغا سېلىنغان سېلىنما ئىچىدە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان سېلىنمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بارغانسېرى تۆۋەنلەپ بېرىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ سالغان مەبلىغىمۇ ناھايىتى ئاز بولدى، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزى مەبلەغ توپلاش ئىقتىدارى بولسا بىر قەدەر ئاجىز بولدى، 6-بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، غەربىي رايونلارغا سېلىنغان مەبلەغ پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مەبلەغ سېلىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى

ناھايىتى روشەن پاكىت. پەرقىنىڭ ئۆزلۈكسىز چوڭىيىپ بېرىشى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇھىم ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەخىرسىز ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تەكشى بولمىدى، تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان ۋە تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان رايونلار تەڭ مەۋجۇت. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت، ئومۇمىي تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان غەربىي رايونلاردا كىشىنى پەخىرلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان جايلارمۇ يوق ئەمەس. گۇاڭشىنى مىسالغا ئالساق، 1978-يىلدىن 1994-يىلغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16.5 ھەسسە ئاشتى، مالىيە كىرىمى 4.35 ھەسسە ئاشتى، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، بۇ مەزگىلدە گۇاڭشىغا سېلىنغان سېلىنما كۆپەيدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىگە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە گۇاڭشىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978-يىلدىكى 1.5 پىرسەنتتىن 1994-يىلدىكى 2 پىرسەنتكە ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېڭىزغا يېقىن بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بىر تۈركۈم چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈلدى. گۇيجۇ، چىڭخەيلەرنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستىراق بولدى، بۇنىڭدىكى سەۋەبنىڭ بىرى مەبلەغ سېلىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن ئىبارەت. شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان رايونلاردىمۇ، سېلىنما كۆپەيتىلسە، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. شىزاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. تاكى 1990-يىلغىچە پۈتۈن شىزاڭنىڭ مالىيە كىرىمى ئاران 18 مىليون يۈەنگە يەتكەنىدى، كېيىن دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرنىڭ ياردەم بېرىشى، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىزاڭ ئۈچۈن 43 تۈر قۇرۇپ بېرىشى، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 62 تۈر قۇرۇپ بېرىشى ئارقىسىدا، 1994-يىلى شىزاڭنىڭ مالىيە كىرىمى 156 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ بىرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، غەربىي رايونلار تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە موھتاج ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ رېئال شارائىتىغىمۇ ئىگە، پەقەت سېلىنما كۆپەيتىلسىلا، تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات ۋە سېلىنما مەسىلىسىنى يەككە مەسىلە قاتارىدا مۇھاكىمە قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىزمۇ زۆرۈر. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشى زامان ۋە مەزمۇن جەھەتتە مۇئەييەنلىككە ئىگە، شەك-شۈبھىسىزكى، ماكان جەھەتتىمۇ مۇئەييەنلىككە ئىگە، يەنى ئۇ پۈتۈن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئىبارەت، مەملىكىتىمىز يەر مەيدانىنىڭ 58 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان غەربىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى بولمىسا، پۈتۈن جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي رايونلارنىڭ مول بايلىقى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ماددىي شارائىت بولۇپ، غەربىي رايونلار تەرەققىي

قىلدۇرۇلمىسا، زامانىۋىلاشتۇرۇلمىسا، پۈتۈن دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. غەربىي رايونلارمۇ جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئارقىدا قېلىۋەرسە، مىللىي زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلغان چاغدا، شەرقىي بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا پەرقنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا پەرقنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىمىز دېگىنىمىزدىن ھەرگىزمۇ، شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قەستەن ئاستىلىتىش ئارقىلىق پاسسىپ تەڭپۇڭلۇقنى ھاسىل قىلىش كېرەك، دېگەن مەنا چىقمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، شەرقىي رايونلارغىمۇ پايدىسىز، غەربىي رايونلارغىمۇ پايدىسىز بولۇشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

شۇڭا، بىز مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، غەربىي رايونلار بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە، غەربىي رايونلارغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. سېلىنما سېلىشنىڭ پرىنسىپلىرى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپ»ىدە بەلگىلەنگەن نىشاننى—"پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى ئاستىلىتىش"، "رايونلار ئارا پەرقنى قەدەممۇقەدەم كىچىكلىتىپ، رايونلار ئىقتىسادىنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش"نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. مىقدار جەھەتتىن تەكشۈرگەندە، دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارغا سالىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش كېرەك. بىرەر رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆلچەشتە، ئادەتتە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي مىقدار كۆرسەتكۈچ قىلىنىدۇ. شۇڭا، سېلىنما مەسىلىسىدىمۇ غەربىي رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىگىلىگەن ئاھالە نىسبىتىدىن ئىبارەت بۇ ئامىلدىن ئويلىنىش كېرەك. غەربىي رايونلارنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 14.13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارغا سالىدىغان مەبلىغىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 14 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

## كۆپ يوللارنى ئېچىپ، ھەر تەرەپتىن مەبلەغ سېلىش

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك، بارلىق كۈچ بىلەن پۈتۈن دۆلەتنىڭ مەبلەغ سالغۇدەك مالىيە كۈچىنى قالدۇرماي پۈتۈنلەي سالغان تەقدىردىمۇ غەربىي رايونلارنىڭ مەبلەغكە بولغان غايەت زور ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي رايونلارمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى كېرەك، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى غەربىي رايونلارغا سېلىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، مۇنداق بىر ئۆتكۈر مەسىلە ئالدىمىزغا قويۇلىدۇ: پۇل قەيەردىن كېلىدۇ؟

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا شۇنداق قاراشقا كەلدۇقكى، كۆپ يوللارنى ئېچىپ، دۆلەت، جايلار ۋە شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ۋە ئادەم كۈچىنى غەربىي رايونلارغا سېلىشتىن باشقا ئامال يوق. بۇنىڭ كونكرېت يولى مۇنداق:

دۆلەت مۇۋاپىق دەرىجىدە سېلىنمىنى كۆپەيتىش. نۆۋەتتىكى مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچ ۋە مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىدىن، تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قېلىش بىلەن مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىكتەك قوش تەرەپلىمىلىك نامراتلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن دۆلەت سالىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ بىۋاسىتە كونترول قىلىدىغان مەبلىغى بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى، دېمەك غەربىي رايونلارغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش جەھەتتە مۇناسىپ ئوبيېكتىپ شارائىت ھازىرلاندى. غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلەت تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىش نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. غەربىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشقا پايدىلىق بولغانلىكى تۈرلەر، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىشكە پايدىلىق بولغانلىكى تۈرلەر غەربىي رايونلاردا ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي مالىيە كۈچىنى تەشكىللەش. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، غەربىي رايونلارنىڭ مەبلىغى كەمچىل، لېكىن مەبلىغى بىر قەدەر مول، ئۇنۇمى بىر قەدەر ياخشى، بەلگىلىك مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر قىسىم كارخانىلارمۇ بار، ئاھالىلەرنىڭ قولىدىمۇ مەلۇم مىقداردا ئامانەت پۇل بار. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1994-يىلى، غەربىي رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 100 مىليارد يۈەندىن ئاشقان، بۇ مەبلەغنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىجتىمائىي مەبلەغلەر مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەرەققىيات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا سېلىنسا، نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى جەھەتتە ئۈچ تەرەپتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، نۆۋەتتە غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، شەرقىي رايونلاردىن 10 يىلدىن كۆپرەك ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، غەربىي رايونلاردىكى بىر قىسىم قاقاس تاغ، قاقاس تۆپىلىك بوز يەر ۋە قاقاس جىلغىلارنى ئېچىش ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، كارخانىلارغا ھەتتا شەخسلەرگە ئىجارىگە بېرىش؛ ئۈچىنچىدىن، خۇسۇسىي كارخانا، يەككە كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، غەربىي رايونلارنىڭ نىسبىي ئارقىدا قالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسى بولغان خۇسۇسىي كارخانا، يەككە كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شەرقىي رايونلارنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە، شەرقىي

رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك. غەربىي رايونلارنىڭ بايلىقى مول، لېكىن مەبلىغى، تېخنىكىسى يېتەرلىك ئەمەس، شەرقىي رايونلارنىڭ ئەھۋالى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ هال شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ھەمكارلىششىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي رايونلارنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە غەربىي رايونلارنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجى بۇ خىل ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. بىر قىسىم كارخانىلار غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشنىڭ قىممىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، غەربىي رايونلارغا كىرىشكە باشلىدى، ئىش ئۆز يولىدا ئوبدان تەرەققىي قىلماقتا. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي رايونلاردىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار ئىچكى موڭغۇل بىلەن تۈزگەن مەبلەغ سېلىش توختام كېلىشىمى 90 تۈرگە، ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 1 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يەتكەن. چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىگىمۇ شەرقىي رايونلاردىن مەبلەغ كىرگۈزۈلۈۋاتىدۇ، بولۇپمۇ چىڭخەي كۆلى ۋە تۇزلۇق كۆلنىڭ ئېچىلىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتىدۇ. دېمەك، پەقەت مۇۋاپىق سىياسەت بەلگىلىنىپ، زۆرۈر بولغان تەشكىللەش ئېلىپ بېرىلسىلا، شەرقىي رايونلارنىڭ مەبلىغى قەدەممۇقەدەم غەربىي رايونلارغا يۆتكىلىپ، ئەڭ بىۋاستە يول بىلەن شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش. بىر پۈتۈن مەبلەغ سېلىش مۇھىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، غەربىي رايونلار شەرقىي رايونلارغا يەتمەيدۇ. لېكىن بۇ پەقەت ئىشنىڭ بىرلا تەرىپى، ئەينى ۋاقىتتا، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈش كېرەك: بىرىنچىدىن، بايلىق ئەۋزەللىكى (جۈملىدىن ساياھەت بايلىقى)؛ ئىككىنچىدىن، ئەمگەك كۈچىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكى جەھەتتىكى ئەۋزەللىك؛ ئۈچىنچىدىن، بەزى رايونلارنى قوشنا دۆلەتلەر ھەم ئۆزىگە يېقىن دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقىنى يولغا قويالايدىغانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك. مۇشۇ ئەۋزەللىك-لەرنى جارى قىلدۇرغاندا، تېخىمۇ كۆپ چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ مول يەر بايلىقىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ھازىر چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ، 1995-يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد-سودا سۆھبەت يىغىنىدا ئىسرائىلىيە، كانادا، ئامېرىكىدىن ۋە دۆلىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن بىر قىسىم سودىگەرلەر شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن 240 مىڭ مو بوز يەرنى ئېچىش توختىمىنى ئىمزالىدى، مەبلەغ سېلىش سوممىسى 550 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاساسەن مېۋە-چېۋە، كۆكتات، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

# بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، ئىلمىي ئاساستا مەبلەغ سېلىش

غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مىقداردا مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن تۆرلۈك يوللار بىلەن يىغقان پۇل ھامان چەكلىك بولىدۇ. تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن خېلىلا يىراقتا. ئۇنداقتا چەكلىك مەبلەغ قەيەرگە ئىشلىتىلىشى كېرەك؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئىلمىي ئاساستا مەبلەغ سېلىش كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق تۆت تەرەپتىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى. ئالدى بىلەن بايلىقنى ئېچىشقا نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىش كېرەك. بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىك غەربىي رايونلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، بۇ بايلىقلارنى ئېچىش بىلەن ئۇنى تاۋار جەھەتتىكى ئەۋزەللىك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغاندا، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغانلىقى، بولۇپمۇ مالىيە كىرىمىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرغانلىقى (غەربىي رايونلار بويىچە ئېشىشى ئەڭ تېز بولدى) دىكى ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەب ”كۆك تاماكا ۋە تاماكا ئىشلەپچىقىرىشى“ جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىن ئىبارەت. دېمەك غەربىي رايونلار بايلىقنى ئېچىش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش يولىنى تۇتۇشى لازىم. ئەلۋەتتە، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىرلا نۇقتىنى تۇتۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئىقتىسادنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن سىلجىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يەنە مۇناسىۋەتلىك ھالقىلارغىمۇ ئېتىبار بېرىش لازىم.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش بىلەن مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات بولۇشى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قېلىشى گىرەلىشىپ كەتكەن ھەم بىر-بىرىنى چەكلەيدۇ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن، ئۇ رايونلاردا مەبلەغ سېلىنىشىنىڭ بېتەرلىك بولماسلىقى، مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قالاق بولۇشى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئومۇمىيۈزلۈك مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزى نامرات ناھىيىلەردە ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 80 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ، مۇستەھكەملەش نىسبىتى، يۇقىرى مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن. ئەگەر ئىش مائارىپ، پەن-تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساستىن باشلاپ تۇتۇلمايدىغان، بۇ جەھەتتە تەدبىر قوللىنىلمايدىغان بولسا، غەربىي رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ۋاقتىنچە تەرەققىي قىلغان

تەقدىردىمۇ، ئاخىرىدا ئەقلىي كۈچنىڭ بولماسلىقى بىلەن يەنە چېكىنىپ كېتىدۇ. ھازىر يۇرگۇزۇلۇۋاتقان مەبلەغ سېلىش ۋە مالىيە تۇزۇلمىسىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۇرلىرى ئاساسەن بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ، لېكىن مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق جامائەت مەنپەئىتىگە ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بولسا ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىدۇ، مەركەز، ئۆلكە مالىيىسىمۇ غەربىي رايونلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ستراتېگىيىلىك زاپاس كۈچ تەييارلاپ قويۇشى كېرەك. يىراقنى كۆرەلمەي كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشتەك قىلمىشلارنى توگىتىپ، مائارىپ، پەن-تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، چوڭقۇر پىكىر قىلىپ، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىشقا سىڭىنما سېلىش بىلەن تۇرمۇشقا سىڭىنما سېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. تۇپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ھەم ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنما سېلىشقا ئېتىبار بېرىش زۆرۈر، لېكىن بۇنىڭدىن ھەرگىز، تۇرمۇشقا سېلىنما سېلىشقا سەل قارالسا بولىدۇ، دېگەن مەنا چىقمايدۇ، بولۇپمۇ غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىدە شۇنداق. چوقۇم نامراتلارنى يۆلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتكە مۇۋاپىق دەرىجىدە سېلىنما سېلىش كېرەك. جۇڭگودىكى 70 مىليون نامرات ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي رايونلاردا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى تا بۇگۈنگىچە تېخى ھەل بولغىنى يوق. نامراتلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. كىيىمى پۇتۇن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، تەرەققىياتنى تېزلىتىش پەقەتلا قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. پەقەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى زىچ بىرلەشتۇرگەندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئازاد قىلغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىز دۇنياغا 2000-يىلغىچە خەلقنىڭ كىيىمى پۇتۇن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغانىدى. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە مۇشكۇل. بىز چوقۇم ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن نامراتلارنى يۆلەشنى تازا كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا مەڭگۈ نامراتلىقى بىلەن خوشلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، يېڭى قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىلەن ھازىرقى بار كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش. يېڭى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، پەقەتلا دۆلىتىمىزدە بولمىغان، ياكى رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە ياكى بايلىق جەھەتتە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە

ئېرىشكىلى بولىدىغان تۈرلەرنى تاللاپ، ئىمكانقەدەر تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. سۇ ئىنشائاتى، قاتناش، ئالاقە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ھەم شۇ ساھەلەردىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتىش، ئېنېرگىيە ۋە كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈچەيتىش لازىم. نۆۋەتتە غەربىي رايونلاردا زور بىر تۈركۈم سانائەت كارخانىلىرى بار، بەزىلىرىنىڭ تېخى مەلۇم دەرىجىدە ماددىي شارائىتى ۋە تېخنىكىلىق ئىقتىدارى بار، پەقەت مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتىكى سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرسىلا، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

## ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىپ، سېلىنمىدىن ياخشى پايدىلىنىش

ئۆتكەنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا سېلىنما يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىللە سېلىنمىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت، بۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي باشقۇرۇشتىكى ئورتاق ئىللەتلەر سەۋەبچى بولغاندىن سىرت، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبىمۇ بار. بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇلۇش داۋامىدا مۇنداق بىرقانچە ھالقىنى تۇتۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك:

مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى ۋە سان-مىقدارى جەھەتتە قاتتىق چەكلىمە قويۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن تۈرلەرگە قارىتا، تۈرلەرگە بېرىلگەن مەبلەغنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق سەۋەب بىلەن تۇتۇپ قېلىشىغا، يۇلۇپ ئېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا بولمايدۇ، مەبلەغ سېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. مەبلەغنىڭ مىقدار بويىچە، ۋاقىت بويىچە، تۈر بويىچە ئورنىغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چەت ئەلدىن ۋە شەرقىي رايونلاردىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك مەبلەغلەرنىڭ قەيەرگە سېلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق خاراكتېرلىك بەلگىلىمە چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ھەم شۇنداق قىلماسلىقى كېرەك، لېكىن بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىغا، غەربىي رايونلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، پىلان تۈزۈش، ئىقتىسادىي پىشاڭدىن پايدىلىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق تەرەپكە قاراپ ئېقىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلمىي ئاساستا مەبلەغ سېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۈرلەرنى دەلىللەش، تەستىقلاش، قۇرۇش جەھەتلەردە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە، قانۇنىي تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. بارلىق تۈرلەردە ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئىلمىي يوسۇندا تاللاش، تولۇق دەلىللەش ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا قارار چىقىرىپ، ئەڭ ياخشىسىنى تاللاش ھەم تەستىقلاش

تەرتىپىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، يەنىمۇ زىيادە كېلىدىغان سۇبيېكتىپچىلىقتا ۋە باشلىقلىق ئىرادىسىگە قارشى تۇرۇش لازىم.

كۆزقاراش جەھەتتە بۇرۇلۇش ياساپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان كۆزقاراشلارنى تۇرغۇزۇش لازىم. كۆزقاراش ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش، قۇرۇۋاتقان ۋە قۇرۇپ چىققان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئادىل رىقابەتنى يولغا قويۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەزىپە كىشىلەردە بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان كۆزقاراشلارنى تۇرغۇزۇش، ئۇلار بازار مېخانىزمى ئاستىدا ياشاش، تەرەققىي قىلىشنى ئۆگىنىۋالسۇن، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھەر تۈرلۈك سىلىنمىلاردىن تېگىشلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

شۇنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىش كېرەككى، غەربىي رايونلارمۇ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى يېرىك باشقۇرۇش تىپىدىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش تىپىغا ئۆزگەرتىش تەلىپىگە بىنائەن، ئىچكى ئامىللىق تەرەققىيات يولىغا مېڭىشى كېرەك. غەربىي رايونلارنىڭ گەرچە بايلىقى مول بولسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن چەكلىك دەرىجىدە، شۇڭا ھەرگىزمۇ بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ، چوقۇم پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش تىپىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قاراپ بۇرۇلۇش ياساپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، قىممەتلىك بايلىقلارنىڭ رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە بەخت يارىتىشىمىز كېرەك.

**(ئاپتور دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

10>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373　定价：1.80元　邮政编码 100013